ئاببباس بۇرھان

# قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى



پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ
ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى

مەسئۇل تەھرىر: ئابدۇۋايت قاسىم

قۇشلار — ئىنسانلارنىڭ دوستى
ئابباس بۇرھان
*
پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر،
قازاق شۆبىسى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م·م 1/32 باسما تاۋاق: 1875.5
1983 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M13051·10
تىراژى 000·10—1
باھاسى 27 ·0 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇن

بۇ، قۇشلار توغرىسىدا يېزىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇغىدىن ئىبارەت.

كىتاپتا نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق، قۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەبىئەت دۇنياسىدا تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىگى، تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەمدە نەسىللىنىش، كۆپىيىشكە دائىر قانۇنىيەتلىك مەسىلەلەر، شۇنداقلا قۇشلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاممىباپ تىل بىلەن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

كىتاپتا يەنە قۇشلارنىڭ ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇغىنى ساقلاشتىكى مۇھىم رولى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ۋە خەلق ئىگىلىگىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان پايدىلىق قۇشلار ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى.

قۇشلار ـــ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق بايلىق مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىپلەرنىڭ بىرسى. ئۇلارنىڭ رولىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىپ، ھاياتلىق بايلىق مەنبەلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىگىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىتاپ قۇشلارنى ئاسراش، قۇشلارنى قوغداش

توغرىسىدا پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ.

كىتاپتا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەمىلىي كۆرۈنۈشلەردىن ئېلىنغان رەسىملەر قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، كىتاپنى ئوقۇپ - چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە

قىسقىچە مەزمۇن.............. 1
1. تەبىئەتتىكى قۇشلار .............. 1
2. قۇشلار ۋە ئىنسانلار.............. 3
3. قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى.............. 25
4. قۇشلار قانداقسىگە ئۇچالايدۇ؟.............. 40
5. قۇشلار نىمە ئۈچۈن كۆچۈپ يۈرىدۇ؟.............. 49
6. قۇشلارنىڭ نەسىللىنىشى.............. 58
7. قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى.............. 102
8. ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان پايدىلىق قۇشلار .............. 111
9. قۇشلارنى قانداق تەتقىق قىلىش كېرەك؟ .............. 152

## 1. تەبىئەتتىكى قۇشلار

قۇشلار ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلار ئىچىدىكى بىر چوڭ تۈر بولۇپ، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە بېلىق تۈرىدىكىلەردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار پەي تۈكلەر بىلەن قاپلانغان، ئۇچۇشقا لايىقلاشقان قانىتى بار، تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردۇر.


قۇشلار ئوۋا سېلىش، تۇخۇم بېسىش، بالا چىقىرىش شەكلى بىلەن كۆپىيىپ ئەۋلات قالدۇرىدۇ. بالىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى. بولۇپمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئۇچۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، قۇشلارنىڭ مېتابولىزىمى (ماددا ئالماشتۇرۇش) ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارى كۆپ، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك؛ بەدەن تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى (37 — 44.6°C)، ئەمما تۇراقلىق بولىدۇ؛ تۆت قېرىنچىدىن تۈزۈلگەن يۈرىكىنىڭ سوقۇش قېتىم سانى كۆپ (ھەر مىنۇتىغا 500 — 300 قېتىم سوقىدۇ)، قان ئايلىنىشى تېز بولىدۇ. ھاۋا خالتىسى بار، ئۆپكىسى "قوش نەپەس ئېلىش" ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغانلىقتىن، قۇشلار، ئادەتتە ھاۋاسى شالاڭ يۇقىرى بوشلۇقتىمۇ بىمالال ئۇچالايدۇ.

قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىقلار ئېكولوگىيىسىنى
تەشكىل قىلىغۇچى مۇھىم تەركىپلەرنىڭ بىرسىدۇر. ئۇلارنىڭ
بەدەن تۈزۈلۈش شەكلى ۋە فىزولوگىيىلىك فۇنكتسىيە ئالا-
ھىدىلىكلىرى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ھەر خىل تەبىئى شارا-
ئىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسلىدىكى ئۆمۈرتقىلىق ئۆمىلىگۈچى
ھايۋانلاردىن ئۆزگىرىپ تەدرىجى تەرەققى قىلىش ئاساسىدا
بارلىققا كەلگەن. شۇڭا بەزىلەر قۇشلارنى ئۇچالايدىغان ئۆمى-
لىگۈچى ھايۋانلار دەپمۇ ئاتاشقان ئىدى. بىراق، قۇشلار
ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا قارىغاندا، كوپ جەھەتلەردىن تە-
رەققى تاپقان بولىدۇ. ھاياتلىقلار تەدرىجى تەرەققى قىلىپ
بەلگىلىك باسقۇچقا كەلگەندە، تېمپېراتۇرىنىڭ بىردىنلا زور
دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشى نەتىجىسىدە يەر شارىنىڭ مۇت-
لەق كوپ قىسىم جايلىرىنى مۇز قاپلاپ كەتكەن. بۇنداق
جىددى ئۆزگەرگەن تەبىئى شارائىتقا ماسلىشالمىغان نۇرغۇن
قۇشلار ئۆلۈپ ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن. ئاز بىر قىسىملىرى بۇ
خىل ئۆزگەرگەن تەبىئى شارائىتقا ماسلىشىپ ياشىغان ياكى
يىراق، ئىسسىق جايلارغا كوچۈپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان.
بۇنداق كوپ قېتىملىق يوتكىلىش، كوچۈش جەريانىدا قۇش-
لار ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ئەزالىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بول
غان، مەسىلەن: ئالدىنقى ئىككى پۇتى قاناتقا، بارماقلىرى
قانات پەيلىرىگە، ئەسلىدىكى قاسراقلىرى پۈتۈن بەدىنىنى
قاپلاپ تۇرىدىغان تۈك. پەيلەرگە ئۆزگەرگەن ۋە باشقىلار.
ئارخېولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنداق ئۆز-
گىرىش جەريانى نەچچە مىليون يىللىق ئۇزۇن تەدرىجى
تەرەققىيات باسقۇچى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

قۇشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 40 مىليون يىل ئىلگىرى ياكى بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. 1861 - يىلى، گېرمانىيىلىك ئالىم سولېنخوفېن (solenhofen) گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە (Bavaria) ئۆلكىسىدىكى سولېنخوفېن هاك جىنىسلىرى قاتلىمىدىن بىر خىل قۇشنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسىنى تاپقان ئىدى. ئالىملار بۇ خىل قۇشنى قۇشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا "ئەجدات قۇش" دەپ نام بېرىشتى. ئەجدات قۇشنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسى هازىر ئەنگلىيىنىڭ تەبىئەت مۇزېخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئالىملارنىڭ ئىلمىي پەرەز قىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئەجدات قۇش ئۆمىلىگۈچى هايۋانلاردىن ئەمدىلا ئايرىلىپ چىققان يېڭى بىر تۈر بولۇشى مۇمكىن. ئەجدات قۇشنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسىدىكى بەلگىلەردىن قارىغاندا، ئەجدات قۇشنىڭ چوڭلۇغى هازىرقى قاغىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى قانات تەقلىتىگە كىرگەن، شۇنداقتىمۇ قانىتىدا يەنىلا ياخشى يېتىلگەن 3 دانە بارمىقى ساقلىنىپ قالغان، كوپ ئۆگىلەردىن تۈزۈلگەن ئۇزۇن قۇيرۇق ئومۇرتقىسى ھەمدە ئېغىزىدا چىشلىرى بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، مۇشۇنىڭغىلا ئاساسلىنىدىغان بولسا، ئەجدات قۇشنى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ بىرەر تۈرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن خاتا قاراش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەمما ئەجدات قۇشنىڭ قۇشلارغا خاس بولغان بىردىن - بىر ئالاھىدىلىكى،

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى پەي - تۈكلەر بىلەن قاپلانغانلىقىدۇر.
بۇ بىر ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلاردىن رەس-
مىي تۈردە ئايرىلىپ چىقىپ قۇشلارغا قاراپ تەرەققى قىلغان
يېڭى بىر تۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.



1 - رەسىم ئەجدات قۇش (تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسقا
ئاساسەن سىزىلغان رەسىم)

ئەجدات قۇشنىڭ سوڭەك تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن قارى-
غاندا، ئۇ ھازىرقى قۇشلارغا ئوخشاش كوكتە پەرۋاز قىلىپ
ياكى غۇيۇلداپ تېز ئۇچىدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان،
پەقەتلا توۋەن بوشلۇقتا يەر بېغىرلاپ ئۇچالىغان بولۇشى
مۇمكىن. ئەجدات قۇشنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارى قانداق شە-
كىللەنگەن؟ بۇ مەسىلىدە ھازىر ئىككى خىل كوز قاراش
مەۋجۇت: بىر خىل قاراشتىكىلەر ئەجدات قۇشنىڭ ئۇچۇشى
يۈگۈرۈشتىن باشلانغان، يۈگۈرگەن چاغدا، پەيلىرى بولغان
ئالدىنقى ئىككى پۈتىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇرئىتىنى تېزلىتىپ
"ئۇچقاندەك يۈگۈرەيدىغان" ھالەتكە يەتكەن، مۇشۇنداق ئۇزاق
مۇددەتلىك تەكرار "چېنىقىش" ئارقىسىدا قانىتى پەيدىن -

پەي مۇكەممەللىشىپ، رەسمى ئۇچالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر، ئەجدات قۇشنىڭ ئەجداتلىرى ئورمانلىقلاردا ياشىغان، ئۇ پەيلىرى بولغان ئالدىنقى ئىككى پۇتى (قانىتى) نىڭ ياردىمى بىلەن، ھەمىشە دەرەخ بىلەن يەر ئارىلىقىدا ياكى دەرەختىن - دەرەخ قە ئۇچۇپ (سەكرەپ) يۈرۈپ ياشاشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، كۆنلەرنىڭ، ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قانىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈچىيىپ ھەم مۇكەممەللىشىپ ئەڭ ئاخىردا رەسمى ئۇچالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، دەپ قارايدۇ. يېقىنقى ئېيتقاندا، ئەجدات قۇشنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسىنىڭ تېپىلىشى قۇشلارنىڭ قايسى تۈردىكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى تەتقىق قىلىشتا، ئالىملارنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى.

قۇشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كوپ بولۇپ، تەبىەتتە كەڭ تارقالغان. ئالىملارنىڭ ھەر خىل قۇشلارنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسلىرىنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 135 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يەر شارىدا بىر مىليون 634 مىڭ خىل قۇش ياشىغان ئىكەن. بۇ سان ھازىرقى يەر شارىدا مەۋجۇت قۇشلار تۈرلىرىنىڭ سانىدىن ئاللىقانداق دەرىجىدە كوپ، كېيىنكى كوپ قېتىملىق جىددى تەبىەت ئۆزگىرىشلىرى ئارقىسىدا نۇرغۇن قۇشلارنىڭ نەسلى تۈگەپ، ئىزى ئۇچۇپ كەتكەن. مولچەردىن قارىغاندا ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى 8580 خىل ئەتراپىدا ئىكەن. مەملىكىتىمىزدىكى قۇشلارنىڭ تۈرى بىرقەدەر كوپ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدە 1175

خىل قۇش بولۇپ (قوشۇمچە تۈرلىرىنى بىرگە ھېساپلىغاندا
2077 قۇش بار)، دۇنيا بويىچە قۇش بايلىقى ئەڭ مول
بولغان دولەتلەردىن ھېساپلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 340 نەچچە خىل قۇش بار. قۇش-
لارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ھەر خىل زىيانداش ھاشارەت-
لەرنى ھەمدە ياۋا ئوت - چوپلەرنىڭ ئۇرۇغىنى يەپ ئوزۇق-
لىنىدۇ. ئالىملارنىڭ تەكشۇرۇپ ئىستاتىستىكا قىلىشىدىن قارىغان-
دا، قۇشلارنىڭ 80% دىن كوپرەكى پۇتۇنلەي زىيان-
لىق ھاشارەتلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىكەن. بۇنداق پۇتۇن-
لەي ياكى ئاساسەن ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان قۇشلاردىن
ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتە كوپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن: قالىغاچ،
قارا قۇشقاچ (قارىغۇجا)، تاغ قۇشقىچى، جاغالما، لاچىن، مۇشۇك
ياپىلاق (ھۇقۇش)، كاككۇك، ھوپۇپ، ساندىكا، تومۇر تۇم-
شۇق، سىغىزخان، قۇرغۇي، تورغاي، سۇپ - سۇپىياڭ، شاخ
سانىغۇچ، كەپتەر، پاختەك، تورۇلغا، سۇگۇچ، سېرىق قۇشقاچ،
تومۇچۇق، چىگدىچۇك، كوك تورغاي، پىپىچەك تورغاي، ئاق
قۇشقاچ قاتارلىقلار بار. بۇ قۇشلار ھەر خىل زىيانداش ھا-
شارەتلەرنى يوقىتىپ، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىنى قوغداش جەھەتتە پايدىلىق رول ئوينايدۇ.
شۇڭا ئۇلار ئادەتتە پايدىلىق قۇشلار، دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇنداق پايدىلىق قۇشلار ئىنسانلارنىڭ ئاكتىپ ياردەمچىسى
ۋە دوستى ھېساپلىنىدۇ.

ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، زىيانداش ھاشارەت-
لەرنىڭ تۈرلىرى بىر مىليون 500 مىڭ خىلدىن كوپرەككە
يېتىدىكەن. بەزى زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ كوپىيىش ئىقتى-

دارى ناھايىتى زور بولۇپ، كىشىنى چوچۇتىدىغان دەرىجىدە بولىدۇ. بىر جۈپ چىۋىن بىر يازدا كوپىيىپ نەچچە مىليارت چىۋىنغا ئايلىنىدۇ. بىرتال كوك پىت كوپىيىپ ئەۋلاتلىرى ئۆلمەي تولۇق ئەي بولىدىغان بولسا، بىر يىلدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت كوك پىت قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئاقىۋەت ھەقىقەتەن مولچەرلىگۈسىزدۇر. مۇنداق دەھشەتلىك ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن پايدىلىق قۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ساقلىنىش مۇمكىن. پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەجرىبە قىلىپ ھىساپلىشىدىن قارىغاندا بىر قالىغاچ بىر يازدا 250000 دانە پاشا، چىۋىن تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە مۈشۈك ياپىلىقى بىر يازدا مىڭدىن ئارتۇق چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە ياغۇر قالغىچى بالا چوڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە 70000 دانە ھاشارەت تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە تومۇر تۇمشۇق بىر سائەتتە 100 مو يەردىكى ئورمانلىقنى ئارىلاپ چىقىپ زىياندا ش قۇرۇتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، سۇپىي - سۇپىياڭنىڭ ئوزۇقلۇغىدا ھەر خىل زىياندا ش ھاشارەتلەر %95 نى، تومۇر تۇمشۇقنىڭ ئوزۇقلۇغىدا ھەرخىل زىياندا ش ھاشارەتلەر %99 نى ئىگەللەيدىكەن. چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ چېكەتكىلەر راسا يامرىغان (ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئۈچ تاش يايلىغىدا بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تۇردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرمەكتە) رايونلاردا، بىر جۈپ قارا قۇشقاچ بالا بېقىش مەزگىلىدە 200 — 150 كىلوگىرام چېكەتكىنى تۇتۇپ يەيدىغانلىقى ئېنىقلاندى. ئەگەر مۇشۇنداق بىر توپ قارا قۇشقاچلار ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ئۇچۇپ كېلىدى

غان بولسا، ئۇلارنىڭ چېكەتكە يوقتىشتىكى ئۇنۇمى ئەلۋەتتە كوزگە كورۇنەرلىك بولىدۇ.

تەبىەت دۇنياسىدىكى قۇشلارنىڭ تۇرلىرى كوپ بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىگىمۇ هەر خىل بولىدۇ. ئەڭ چوڭ قۇش — توگە قۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىگى 2.74 مېتىر، ئېغىرلىغى 156.6 كىلوگىرام چامىسىدا كېلىدۇ. (ئارخېولوگىيىلىك قېزىلما قالدۇقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمقى دەۋرلەردە ياشىغان بەزى قۇشلارنىڭ ئېغىرلىغى يېرىم تونىنا ئەتراپىدا كېلىدىغانلىرىمۇ بولغان ئىكەن.) توگە قۇشى گەرچە قۇشلارنىڭ بىر خىلى بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ گەۋدىسى چوڭ بولغانلىقتىن، ئادەتتە باشقا قۇشلاردەك ئۇچالمايدۇ. ئەڭ كىچىك قۇش — هەرە قۇشى بولۇپ، ئۇ هەسەل هەرىسىدىن سەللا چوڭراق، ئېغىرلىغى 3 — 1 گىرام ئەتراپىدا كېلىدۇ.

قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە ياشاش مۇهىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قۇشلار يازدا هاۋاسى موتىدىل رايونلارغا كېلىپ ماكانلىشىپ كوپىيىپ ئەۋلات قالدۇرىدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ جەنۇپقا — هاۋاسى ئىسسىق رايونلارغا كوچۇپ بېرىپ قىشلاپ، ئىككىنچى يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە ئاندىن يەنە كوچۇپ كېلىدۇ. بۇنداق قۇشلار كوچمەنچى قۇشلار ياكى پەسىل قۇشلىرى دىپ ئاتىلىدۇ. بەزىبىر قۇشلار مەلۇم بىر رايوندا تۇراقلىشىپ، ماكانلىشىپ ياشايدۇ، قىش - ياز باشقا جايلارغا كوچمەيدۇ، بۇنداق قۇشلار تۇراقلىق قۇشلار ياكى كوچمەس قۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. پەسىل قۇشلىرى تەبىەتنىڭ خەۋەرچىلىرىدۇر. ئەتىياز پەسلى

يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، جەنۇپتىكى ئىسسىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن قۇشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ مەزگىل ھەر خىل قۇشلارنىڭ راسا جانلىنىپ كېتىدىغان مەزگىلىدۇر. ئەڭ ئالدى بىلەن تورغايلار كەنت - داللاردا، ئېتىز - قىرلاردا گويا دىخانلار ئەتيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا ئۈندەۋاتقاندەك، چۇرۇلدىشىپ سايراشقا باشلايدۇ. قالغاچلارمۇ يىراق جەنۇپ تەرەپلەردىن توپ - توپى بىلەن ئۇچۇشۇپ كەنت مەھەللىلەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ھويلا - ئارامىلاردا، پىشايۋان، تۈڭلۈك ئەتراپىدا پەس ئۇچۇشۇپ بۇرۇنقى كونا ئۇۋىلىرىنى ئىزلەيدۇ ياكى يېڭىدىن ئۇۋا ياساپ بالا چىقىرىپ ئەۋلات قالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىققا كىرىشىدۇ. ھەممە ئەتراپ ياپ - يېشىللىققا پۈركۈلۈپ، باغلار قاراڭغۇلاشقان مەزگىلدە كاككۇكلارمۇ قويۇق باغلارنىڭ تورىدىن ئورۇن ئالىدۇ. "كاككۇك، كاككۇك" دىگەن يېقىملىق ئاۋازلار يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ، باھارنىڭ ئىللىق، گۈزەل مەنزىرىسىنى كىشىنىڭ كوز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

قۇشلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئۇۋا سېلىش (چاڭگا تىزىش) ئارقىلىق بالا چىقىرىپ كوپىيىدۇ. قۇشلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇۋا سالىدىغان ئورۇنلىرى بىلەن ئۇۋىلىرىنىڭ شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تورغاي، بۇدۇنە قاتارلىقلار ئېتىز - داللاردىكى ئويمانراق يەرلەرگە ياكى ئىگىز - دوڭ، تىك يارلارنىڭ يانباغرىدىكى كاۋاكلارغا ئۇۋا سالىدۇ. ھوپۇپ، ئاق قۇشقاچ، تاغ قۇشقىچى قاتارلىقلار دەرەخلەرنىڭ كاماللىرىغا، تاملارنىڭ

توشۇكلىرىگە ئۇۋۋا سالىدۇ. ياۋۋا ئۇدەك، ياۋۋا غازلار ئوت ـ چوپ ۋە قومۇش قاپلاپ كەتكەن سۇ بويلىرىغا ئۇۋۋا سېلىش ـ نى ياخشى كورىدۇ. مۇشۇك ياپىلاق (هوقۇش) دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىغا، ئەسكى تاملىقلارغا، قۇرۇق چاۋا، ئوت ـ خەس دوۋىلىرى ئارىسىغا ئۇۋۋا سالىدۇ. بەزى، قۇشلارنىڭ ئۇۋۋا سا ـ لىدىغان ئورنى ۋە ئۇۋۋىلىرىنىڭ شەكلى غەلىتە بولىدۇ. مە ـ سىلەن: يوپۇرماق تىككۈچ دىگەن بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇ هەمىشە بانان قاتارلىق چوڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرگە ئۇۋۋا سالىدۇ. ئۇۋۋا سالغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن بىر ياكى ئىككى تال يوپۇرماقنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تۇمشۇغى بىلەن قاتار توشۇك ئاچىدۇ، ئاندىن كېيىن ئوسۇملۇكلەرنىڭ ئىنچىكە غول ـ تالا ـ لىرىنى يىپ ئورنىدا ئىشلىتىپ يوپۇرماقلارنى بىر ـ بىرىگە هىملاپ تىكىپ چىقىدۇ. تىكىشنىڭ پۇختا بولۇشى ئۇچۇن "بىر تال يىپ"نى ئىشلىتىپ بولغاندا، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىغا تۇگۇپ چىگىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. يوپۇرماقلارنى تىكىپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىگە يۇمشاق ئوت ـ چوپ ـ لەر، تىۋىت ـ پاختىلارنى سېلىپ هەم يۇمشاق هەم چوڭقۇر ئىستاكان شەكىللىك ئۇۋۋا هالىتىگە كەلتۇرىدۇ. ئۇ ئۇۋۋىسىنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۇچۇن، ئۇۋۋا تىككەن يوپۇرماق ۋە ئۇۋۋىسى ـ نى بىللە قوشۇپ ئوسۇملۇك غولى بىلەن دەرەخنىڭ شېخىغا باغلاپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كۇز پەسلى كېلىپ ياكى باشقا سەۋەپلەردىن يوپۇرماق بەرگىدىن ئاجراپ كەتسىمۇ، ئۇۋۋا يەرگە چۈشۈپ كەتمەي ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ. بۇنداق ئۇۋۋا بەلگىلىك دەرىجىدە قىيسىق هالەتتە ئېسىلىپ تۇرغان ـ لىقتىن، ئۇۋۋا ئىچىگە يامغۇر سۇلىرى ئېقىپ كىرەلمەيدۇ.

ھەمدە بۇ "ياپ - يېشىللىق دۇنيا"سىدا باشقا كۆشەندىلەر ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايدۇ. يەنە توقۇمىچى قۇش دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى ياكى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى يوپۇرماقلار شالاڭراق بولغان بوشلۇق جايىنى تاللاپ ئۇۋا سالىدۇ. ئۇۋا سالغاندا، بۇ خىل قۇش چىگە، ئوت - چۆپ غوللىرى، پارچە - پۇرات قەغەز، تۈۋىت پاختىلارنى تىرىپ كېلىپ، بەئەينى بارادا ساڭگىلاپ تۇرغان نوگاي قاپاقتەك ھالەتتە ئۇۋا ياساپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئۇۋىسىنىڭ ساپىغى دەرەخ شېخىغا مەھكەم قىلىپ چېگىلگەنلىكتىن شامال چىققان مەزگىللەردىمۇ چۈشۈپ كەتمەي بوشلۇقتا پۇلاڭشىپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇۋىدىكى تۇخۇم ياكى قۇش باللىرى ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ.

قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ - ئارام ئالىدىغان جايى بولماستىن، بەلكى قۇشلارنىڭ تۇخۇم تۇغىدىغان، تۇخۇم بېسىپ، بالا چىقىرىدىغان ماكانى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇش باللىرىنىڭ "بوشۇكى" دۇر. شۇڭا قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىدا دائىم تۇرىۋەرمەيدۇ، ئۇلار كۈندۈزلىرى ئېتىز - ئېرىق، باغ - ئورمانلاردا ئوزۇقلۇق ئىزلەش بىلەن ئاۋارە بولسا، كېچىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ ياكى ئوت - چۆپ، چاتقاللار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ دەم ئالىدۇ. پەقەتلا تۇخۇم تۇغىدىغان، باللىرىنى باقىدىغان چاغلاردىلا ئۇۋىلىرىغا كىرىدۇ. خىلمۇ - خىل شەكىللەردىكى قۇش ئۇۋىلىرى، ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتىگە لايىقلاشقان بولۇپ، شۇ خىل قۇش تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىش ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ

بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ بىزنى تەبىەت دۇنياسىدىكى قۇشلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ياشاش ئادىتى، كۆپىيىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مول ۋە ئەمەلى، ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. قۇشلار ۋە ئىنسانلار

قۇشلار ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ رەڭدار، چىرايلىقلىغى، ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىغى بىلەن ئۆزۈن دەۋرلەردىن بۇيان ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئىلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىگە ئائىت نۇرغۇن تارىخىي، ئەدەبىي كىتاپلىرىدا قۇشلار توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئاتاقلىق ئەدىپلەر، شائىرلار، خەلق قوشاقچىلىرى شېئىر، قوشاقلىرىدا قۇشلارنى ئوبرازلىق ئۇخشىتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە، بەزى قۇشلار باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنسا، بەزىلىرى گۈزەللىكىنىڭ، بەزىلىرى مۇھەببەتنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ، يەنە بەزىلىرى تېچلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ (قورقۇنچاقلىق، رەزىللىك، شۇملۇققا سىمۋول قىلىنىدىغانلىرىمۇ بار). "كۆكتە پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت"، "ئۇسۇلغا چۈشكەن بىر جۈپ تورنا"، "قىزىلگۈل ئىشقىدا سايرىغان بۇلبۇل" دىگەندەك شېئىر - مىسرالار ئىنسانلارنىڭ قۇشلار توغرىسىدىكى گۈزەل ھىسسىيات - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق سايراشلىرى، كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، دىلغا ئارام بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپلا كىشىلەردە ھەر خىل قۇشلارنى چىرايلىق قەپەزلەرگە سېلىپ، ئەتىۋالاپ باقىدىغان ئادەت


شەكىللەنگەن. كۆپلىگەن قۇشلار يەنە ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىدا ۋاستىلىق روللارنى ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپلا خوراز سوقۇشتۇرۇش (بۇ گەرچە بىر خىل ساغلام بولمىغان ئادەت ھېسابلانـ سىمۇ)، كەكلىك سەيلىسى. قارچۇغا سەيلىسى، بۇدۇنە سەيـ لىسى دېگەندەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئومۇملاشقان. خەلقىمىز ئارىسىدا كەپتەر بېقىش ئادىتى تېخىمۇ ئومۇمى يۈزلۈك بىر ھالدۇر. كەپتەر مۇلايىم، زىرەك بىر خىل قۇش بولغانلىقتىن، ئىنسانلار خېلى بۇرۇنلا ئۇنى ئۆيدە بېقىپ كۆندۈرگەن. كەپتەرنىڭ نىشاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغانلىقتىن، خەت - ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

قۇشلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئىنسانلار ئۆز تەدرىجى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاپلا ھەر خىل قۇشلارنى كۆندۈرۈپ بېقىپ ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا باشلىغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇندىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىدىن باشلاپلا توخۇ، ئۆدەك، غاز، كەپتەر قاتارلىق ھەر خىل قۇشلارنى كۆندۈ- رۈپ بېقىپ ئۇلارنى ئۆي قۇشلىرىغا ئايلاندۇرغان ھەم ئۇلارنىڭ گۆش، تۇخۇم، تۈك - پەيلىرىدىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. قۇشلارنىڭ گۆشى ۋە تۇخۇمىنىڭ تەمى مېزىلىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى قوشۇمچە يېمەكلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غاز، ئۆدەكلەرنىڭ پەي - تۈكلىرى

ناھايىتى يەڭگىل ھەم يۇمشاق بولىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلە-
نىپ تەييارلانغان ماۋۇق ياستۇق، ماۋۇق يوتقان، ماۋۇق
كورپە قاتارلىقلار يېنىك ھەم يۇمشاق بولىدۇ، ماۋۇق سې-
لىپ تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر يېنىك ۋە ئىسسىق بو-
لۇشتىن تاشقىرى، يەنە ناھايىتى كوركەم بولىدۇ. يەنە
بەزى قۇشلارنىڭ پەي - تۈكلىرىنى يىپەك، تىۋىتلەر بىلەن
ئارىلاشتۇرۇپ يىپ ئېگىرىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن سۈپەتلىك
ۋە چىدامىلىق توقۇلما رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.
گاڭبى (قەلەم) كەشپ قىلىنىشتىن ئاۋال، ئىنسانلار يەنە
توخۇ پەيلىرىدىن قەلەم ئورنىدا پايدىلىنىپ خەت يازغان.
توز، بۈركۈت، قارچۇغا، شۇڭقار، سا، ئۈكە، قىرغاۋۇل قاتار-
لىق قۇشلارنىڭ قانات - پەيلىرى ئۇزۇن، رەڭدار بولۇپ
ئۇنىڭدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى،
گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى تولىمۇ كوركەم ۋە نەفىس
بولىدۇ. توگە قۇش، غاز، لەگلەك، تۇرنا قاتارلىق قۇشلار-
نىڭ تېرىسىدىن نېپىز خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئۇنىڭ-
دىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە مەدىنىيەت بۇيۇم-
لىرى ياسىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدا ياشايدىغان ساقا قۇش
دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۆدەككە ئوخشاي-
دۇ. بوينى ئۇزۇن، گېلى يوغان بولۇپ، بېلىق تۇتۇشقا
بەكمۇ ماھىر كېلىدۇ. شۇڭا ئاشۇ رايونلاردا ياشىغۇچى
خەلقلەر بۇ خىل قۇشتىن پايدىلىنىپ بېلىق تۇتىدۇ. بېلىق-
چىلار ساقا قۇشنىڭ گېلىنى ئىنچىكە تانا بىلەن بوغۇپ
قويۇپ، قېيىق بىلەن دېڭىزغا ئېچىكىرىلەپ كىرگەندىن

كېيىن، ئۇنى سۇغا قويۇپ بېرىدۇ. ساقا قۇش ھەش - پەش دېگىچىلا بوغۇزىنى بېلىققا تولدۇرۇپ، قېيىققا قايتىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بوغۇزىدىن ھەر قېتىمدا كەم دېگەندە 3 - 2 كىلوگىرام بېلىق چىقىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا يەنە "بىر قازان" دېگەن غەيرى لەقەمنىمۇ قويۇشقان، چۈنكى ساقا قۇش بىر قېتىم بوغۇزىنى تولدۇرۇپ چىققان بېلىق بىلەن بىر قازان بېلىق شورپىسى تەييارلاشقا بولىدىكەن.



2 - رەسىم: ساقا قۇش

ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا قارچۇغا قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنى قولدا بېقىپ كۆندۈ- رۈش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق، ياۋا توشقان، ياۋا توخۇ، ياۋا غاز، ياۋا ئۆدەك قاتارلىق ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى ئوۋلايدىغان ئادەت بار. بۇنداق ئادەت ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجى تەرەققىياتى داۋامىدا پەيدىن - پەي

شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرگەن ھەر خىل تەبىئى شارائىتقا لايىقلىشىپ، ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتا قۇشلاردىن پايدىلانغانلىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.



3 - رەسىم: قارچۇغا بىلەن ئوۋغا چىقىش

قۇشلارنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتلىك بولغان يەنە بىر تەرىپى بار، ئۇ بولسىمۇ، نۇرغۇن خىلدىكى قۇشلارنىڭ دورا ئورنىدا پايدىلىنىلىدىغانلىقىدۇر. مەملىكە-تىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدا سېرىق قالغاچ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قالغاچ ياشايدۇ. ئۇ دېڭىز يوسۇن-لىرىنى يىغىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ شۆلگەي سۇيۇقلۇقى بىلەن يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوۋا ياسايدۇ. بەزى ھاللاردا پۈتۈن-

لەي ئۇزىنىڭ شۆلگەي سۇيۇقلۇغى بىلەنلا ياسايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. سېرىق قالغاچنىڭ ئۇۋىسى سۇزۇك، ئاق رەڭلىك بولۇپ، سۇغا سالسا كۆپىدۇ ۋە يۇمشايدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقۇرى بولغانلىقتىن، مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىگى ھىساپلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، تاغ - ئېدىرلىقلار، دەريا - ئېقىنلار، كۆل، ساسلىقلار، ئوتلاقلار ۋە ئورمانلىقلارنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەۋزەل تەبىئى شارائىتقا ئىگە. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قۇشلارنىڭ تۈرلىرى، بولۇپمۇ دورا ئورنىدا پايدىلىنىدىغان قۇشلارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن: بۆدۈنە (ۋىتۋىلداق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېتىز - داللاردا، زىرائەت ۋە ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئۇنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۆدۈنىنىڭ گۆشى ۋە تۇخۇمى دورا ئورنىدا ئىستىمال قىلىنىدۇ. يەنە بىر خىل بۆدۈنە بولۇپ، ياز پەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا كۆپىيىپ ئەۋلات قالدۇرىدۇ، قىش پەسلىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بېرىپ قىشلايدۇ. بۇ خىل بۆدۈنىنىڭ تۇخۇمى ۋە گۆشى خەلقارادا قىممەتلىك يېمەكلىك ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىدا مىڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ماددا — لېستىخىن (lecithine) ھەم مول مىقداردا ئاقسىل بولىدۇ. ئۇنى ئىستىمال قىلغاندا بەدەننى كۈچلەندۈرۈپلا قالماي يەنە، ئىچ ئۆتۈش، ئۆپكە

كېسەللىكلىرى، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگىمۇ پايدىلىق ئۈنۈمى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ "ھايۋانات مېھرىگىياسى" دېگەن مەشھۇر نامغا ئىگە. بۇندىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشاي-دىغان قىرغاۋۇل، ئۇلاي، ياۋا ئۆدەك، ياۋا غاز قاتارلىق قۇشلارنىڭ گۆشى ناھايىتى تەملىك بولۇشتىن تاشقىرى، دورىلىق قىممىتىمۇ خېلىلا يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇيغۇر دىخان-لىرى خېلى قەدىمدىن تارتىپلا قارا ئەتلىك توخۇنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل توخۇنىڭ گۆشىنى شورپا قايىنتىپ ئىچسە قاننى راۋان قىلىپ بەدەننى كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاق خۇن كېسەلى، ئىچ ئۆتۈش قاتارلىقلارغا شىپالىق ئۈنۈم بېرىدۇ. ھوپۇپ گۆشى نېرۋىنى تىنچلان-دۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، نېرۋا ئاجىزلىقى، تۇتقاقلىق نېرۋا كېسەلى قاتارلىقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. غاز مېيىنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش، ئىششىق ياندۇ-رۇش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ھەر خىل جاراھەتلەرنى بۇنىڭ بىلەن مايلاپ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ياۋا ئۆدەك-نىڭ قېنى "شامال تېگىش" تىپىدىكى پالەچ كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدۇ. قوشماق ئۆدەكنىڭ گۆشى قوتۇر، تاز قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرى ھەمدە گېمورويي (بوۋاسىر) كېسەللىكىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. توخۇ تاشلىقىنىڭ ئىچىدىكى سېرىق پەردىسى ئاشقازان ھەزىم قىلىش ئىقتى-دارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، سىيگەكلىك، ئىستلام (مەنىنى تۇتالماسلىق) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتى-

لىدۇ. دوغداق، قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنىڭ گوشى ھارغىن
لىقنى نزگىتىپ، نېرۋىنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەن-
دۈرىدۇ. كەپتەر، پاختەك قاتارلىق قۇشلارنىڭ گوشى
بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى
ئاشۇرىدۇ. قۇشلارنىڭ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىغى
ھەققىدىكى ھەر خىل مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بول-
مايدۇ. (قۇشلارنىڭ ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ، ھەر خىل
زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىشتىكى مۇھىم رولى توغرى-
سىدا ئايرىم توختىلىمىز.)

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قۇشلارنىڭ
ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى يۇقۇرىدىكىلەر بىلەنلا
چەكلەنمەيدۇ. ھەر خىل قۇشلارنىڭ ماياقلىرى يۇقۇرى
ئۈنۈملۈك ئونۋېرسال ئوغۇت ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ قۇش
ماياقلىرىنىڭ فوسفورلۇق ئوغۇت تەركىۋى ئالاھىدە يۇقۇرى
بولۇپ، ئات، كالا، قوي قىغلىرىدىن 5 — 3 باراۋەر
كۈچلۈك بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ شىشا، نەنشا، دۈڭشا
تاقىم ئاراللىرىدا مول كەپتەر ماياقلىرىنىڭ بارلىغى مەلۇم.
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كوپلىگەن تاغ - ئېدىرلىقلاردا، قو-
رام تاش ئارىلىقلىرى، غار - ئۆڭكۈرلەردە ياۋا كەپتەرلەر
توپ - توپى بىلەن ماكانلىشىپ ياشايدۇ. ئۇ جايلاردىكى
قۇش ماياقلىرى زاپىسى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلان-
غاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرى-
شىدىن مول، ھوسۇل ئېلىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا، توخو، غاز، ئۆدەك قاتارلىق ئۆي قۇشلى-
رىنىڭ ماياقلىرىمۇ ياخشى ئورگانىك ئوغۇت ھىساپلىنىدۇ.

دىمەك، قۇشلارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىنىڭ ھەممىسىلا
گۆھەر بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش
پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
قۇشلارنى ئاسراش — ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقى ھېساب-
لىنىدۇ. ئاۋستىرىيە، ئىسپانىيە، ئالبانىيە، دانىيە، ئۇگاندا،
زىمبابۋې قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرى-
قىدا قۇشلارنىڭ رەسىملىرى بار. نۇرغۇن دۆلەتلەر يەنە
قۇشلارنى ئاسراش توغرىسىدا مەخسۇس قانۇن - بەلگىلى-
مىلەرنى تۈزگەندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت قۇشلىرىنىمۇ
بەلگىلىگەن. 1982 - يىلى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى
پالاتاسى ئاق باشلىق دېڭىز قارچۇغىسىنىڭ نەسلى تۈگەپ
كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ تاقالغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن،
مەخسۇس مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى «دۆلەت قۇشى»
دەپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق قوغداپ قېلىشنى قارار قىل-
غان. ئەنگلىيە چىرايلىق قىزىل تۆشلۈك تومۇچۇقنى دۆلەت
قۇشى دەپ بېكىتكەن. ياپونىيەمۇ يېشىل قىرغاۋۇلنى دۆلەت
قۇشى دەپ بېكىتتى. ھازىر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۆ-
لەت قۇشىنى بېكىتكەن دۆلەتلەر 20 نەچچىگە يەتتى.
مەملىكىتىمىزدىمۇ قۇشلارنى ئاسراش ھەققىدە مەخسۇس
قانۇن - بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەندىن باشقا، ھەر يىلى 5 -
ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسى قۇشلارنى ئاسراش ھەپتىسى
قىلىپ بەلگىلەندى. ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا، قۇشلار توغ-
رىسىدىكى پەننىي بىلىملەر، قۇشلارنى ئاسراش ھەققى-
دىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەر كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ،
ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ

ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى "قۇشلار بايرىمى" قىلىپ بەلگىلەندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇن بويىچە ئاسراش، قوغداش بەلگىلەنگەن قۇشلاردىن: ئاق تۇرنا، قارا تۇرنا، ئاق لەگلەك، چوڭ ئاققۇ، كىچىك ئاققۇ، پۇچۇق ئاققۇ، پىلىكان قۇش، شۇڭقار، بۈركۈت، ئۇلاي، قارلىق تاغ ئۇلايى، چوڭ دوغداق، كىچىك دوغداق قاتارلىقلار بار. بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى ئاققۇ كۆلى دۆلەت تەرىپىدىن مەخسۇس قوغدىلىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ خىل تەدبىرلەر قۇشلارنى ئاسراش، تەبىئەتتىكى قۇش بايلىقلىرىنى قوغداش جەھەتتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ناھايىتى روشەنكى، قۇشلار پۈتكۈل ھاياتلىق بايلىق مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھاياتلىق ئېكولوگىيىسى، جۈملىدىن تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە بىۋاستە ۋە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇشلارنىڭ ئېكولوگىيە ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە تەبىئەت بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىق يارىتىشى، تېخىمۇ راۋاجلىنىپ روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك. قۇشلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىكى تۆھپىسى زوردۇر. قۇشلار ئاسمان ئېتىز ـ ئېتىزلاردا، باغ ـ ۋاران، ئورمانلىقلاردا، ئوتلاق، سۇ بويلىرىدا ياشايدۇ ھەمدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى

قۇشلار قۇرۇت - قوڭغۇز، زىيانداش ھاشارەتلەر ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇغى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرمۇ دەل ئېتىز - ئېرىق، باغ - ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ ۋە ئاشۇ جايلاردا كۆپىيىدۇ. ئەگەر، ئېتىز - داللار، باغ - ئورمانلاردىكى پايدىلىق قۇشلار كۆپ بولىدىغان بولسا، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ، زىرائەت، مېۋىلىك دەرەخ، ئورمانلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ياخشى رول ئوينايدۇ. ئەگەر ھەر خىل پايدىلىق قۇشلار ئازىيىپ كېتىدىغان بولسا، زىيانداش ھاشارەتلەر توسالغۇسىز ھالدا كۆپىيىپ، ئەۋج ئالىدۇ - دە زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر، ئورمانلارنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ھەتتا پۈتۈنلەي نابۇت قىلىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن.

زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە ھەر خىل خىمىيىۋى دورىلارنى چېچىشقا توغرا كېلىدۇ. دورا چېچىلغاندىن كېيىن زىرائەتلەر، سەي، كۆكتاتلار، مېۋە - چېۋىلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۇلغىنىدۇ. دېمەك، بۇ مۇھىتنىڭ بۇلغانغانلىقىدۇر. بۇنداق بولغان ئاشلىق، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى كىشىلەر يېگەندىن كېيىن سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدۇ. مانا بۇ، ئاخىرقى ھېساپتا قۇشلارنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتتۇر. ئەگەر مۇشۇك ياپىلاق قاتارلىق ھەر خىل قۇشلار ئازىيىپ كېتىدىغان بولسا، ئورمان، دالىلاردا چاشقانلار كۆپىيىپ كېتىپ، ئومۇمى يۈزلۈك ئاپەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇشلارنى ئاسراش — تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئاسرىغانلىق، پۈتكۈل ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاسرىغانلىق. تېخىمۇ كونكېرىت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇشلارنى ئاسراش ھەر بىر كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر دەيمىز. قۇشلارنىڭ رولىنى، ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ئىكەنمىز، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى ئاسراپ، ئىنسانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

## 3. قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى

قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ نەسىللىنىپ كۆپىيىش مەزگىلىدىكى قىلىق - ھالەتلىرى تېخىمۇ قىزىقارلىقتۇر. ھەر خىل قۇشلارنىڭ ياشاش شەكلى، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى قۇشلارنىڭ ياشاش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

(1) يەردە ماڭىدىغان قۇشلار: بۇلار ئوتلاق - داللار، قۇملۇق - ئېدىرلىقلاردا مېڭىپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى قۇشلارنىڭ قانىتى چېكىنىپ، ئۇچالماس بولۇپ قالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، يەردە تېز سۈرئەتتە مېڭىشقا لايىقلاشقان بولىدۇ. پىنگۋىن، چوغچىقۇش، كىۋى قۇشى، تۆگە قۇش قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. كىۋى قۇشى يېڭى زېلاندىيىدە ياشايدىغان، پۈتۈنلەي قاناتسىز بىر خىل قۇشتۇر. ئۇنىڭ تۇخۇمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ $\frac{1}{3}$ گە تەڭ كېلىدۇ. پىنگۋىن جەنۇبىي قۇتۇپتا، سۇدا ۋە مۇزلۇقلاردا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ،

بۇ خىل قۇشنىڭ قانىتى چېكىنىپ، يوقىلىپ كەتكەن. توگە قۇشنىڭ گەرچە قانىتى بولسىمۇ، گەۋدىسى چوڭ بولغانلىقتىن ئۇچالمايدۇ.

(2) سۇدا ئۈزگۈچى قۇشلار: بۇلار سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرۈپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن قۇشلاردۇر. ئۆدەك، غاز، قوشماق ئۆدەك، ياۋا ئۆدەك، ياۋا غاز، ساقا قۇش، ئاققۇ قاتارلىقلار بۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ تۈردىكى قۇشلارنىڭ بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇغى يالپاق بولۇپ سۇ ئاستىدىكى لاتقىلار ئارىسىدىن ئوزۇق ئىزلەشكە لايىقلاشقان بولىدۇ. پۇتى قىسقىراق بولۇپ، پۇت - بارماقلىرى ئارىسىدا نېپىز پەردىلەر شەكىللەنگەن، سۇ ئۈزگەندە بەئەينى قېيىقچىنىڭ پالىغىدەك سۇنى ئارقىغا ئىتتىرىش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) سۇ كەچكۈچىلەر: بۇ خىل قۇشلار دەريا، كول بويلىرىدا، سازلىقلاردا ياشايدۇ. تۇمشۇغى ئۇزۇن بولۇپ، تېيىز سۇ ئاستىدىن ئوزۇق ئىزلەشكە لايىقلاشقان. پۇتى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، تۈك بولمايدۇ، پەقەت يوتا قىسمىلا تۈك بىلەن قاپلانغان. بۇ خۇسۇسىيەتلەر سۇ كېچىپ يۈرۈپ ياشاشقا لايىقلاشقاندۇر. ئاق قوتان، لەگلەك، تۇرنا قاتارلىق قۇشلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

(4) توخۇ - بۇدۇنىلەر تىپى: بۇ تىپتىكى قۇشلار كۆپىنچە توت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم بىر رايوندا تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ. بۇلار ھەر خىل تەبىئىي شارائىتلارغا چىداملىق، تۇمشۇغى قاتتىق، پۇتلىرى ھەم تىرناقلىرى چىڭ كېلىدۇ. بۇ تۈردىكى قۇشلارنىڭ ئەركەك - چىشىلىرىنىڭ پەرقى روشەن بولۇپ، ئەركەكلىرى چىشى

سىغا قارىغاندا كوركەمرەك كېلىدۇ. تـوخـۇ، بۇدۇنە، قىرغا-
ۋۇل، كەكلىك، توز قاتارلىقلار مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ.
(5) كەپتەر - پاختـەك تىپـى: بۇ تىـپتىكـى قۇشـلارمۇ
كوپىنچە تۇزاقلىشىپ ياشايدىغان قۇشـلاردۇر. بۇ خىل قۇش-
لارنىڭ تۇمشۇغى قىسقا، ئەمما قاتتىق، تۇمشۇغـىنىڭ تۇۋى
يۇمشاقراق كېلىدۇ. ئادەتتە دەل - دەرەخـلەردە ياشـايدۇ،
ئۇزۇنغا ئۇچالايدۇ. بۇ تۇردىكى قۇشلار ئاساسەن ئوسۇملۇك
دانلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. بۇلاردىن كوپ ئۇچـرايدىـغان-
لىرى كەپتەر، پاختەك، ياۋا كەپتەر قاتارلىقلاردۇر.
(6) ياماشقۇچىلار: بۇ تۇردىـكى قۇشـلارنىـڭ پۇت بار-
ماقلىرىنىڭ ئىككىسى ئالدىغا، ئىككىسى كەينىـگە قارىـمۇ -
قارشى ھالەتتە جايلاشقان بولۇپ، تىـك دەرەخ غولـلىرىـغا
يېپىشىپ تۇرالايدۇ. ئۇلار مەخسۇسـلا دەرەخـلەرنىـڭ غول-
دىكى ۋە دەرەخ قوۋزاقلىرى ئارىسىدىكى زىيانـداش قۇرۇت-
لارنى تېرىپ يەيدۇ. تومۇر تۇمشۇق، كـاكـكۇك قاتارلىـقلار
مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ.
(7) يىرتقۇچ قۇشلار: بۇ تۇردىكى قۇشـلارنىـڭ تۇمشۇ-
غى ۋە پۇت بارماقلىرى ناھايىتى ئوتـكۇر كېلىـدۇ، قانـات-
لىرى كۇچلۇك، كوزلىرى ئوتكۇر بولۇپ، ھەر خـل كىچىك
ھايۋانـلارنى تۇتۇپ يېيىشكە لايىقلاشـقان. بۇركۇت، قارچـۇ-
غا، شۇڭقار، سا، مۇشۇك ياپـلاق قاتارلـىق قۇشـلار مۇشۇ
تۇرگە كىرىدۇ.
(8) سايرىغۇچى قۇشـلار: بۇ تـۇردىكـى قۇشـلارنـىڭ
خىللىرى ناھايىتى كوپ بولۇپ، قۇشلار ئومۇمـى سـانـىنىڭ
60% نى ئىگەللەيدۇ. بۇ تـۇردىكـى قۇشـلارنـىڭ جۇغـى

كۆچمكرەك كېلىدۇ. ئۇلار ھەر خىل قۇرۇت - قوڭغۇز، ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇغى، ياۋا مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇلبۇل، تورغاي، تۇمۇچۇق، قومۇشلۇق تورغىيى، سۇپى تورغاي، قارىقاش تورغاي، ئاققاش تورغاي، قالىغاچ، شاخ سانىغۇچ، تاغ قۇشقىچى، غورلاي قاتارلىق ھەر خىل سايرىغۇچى قۇشلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

قۇشلار ھەر خىل تەبىئى شارائىتقا لايىقلىشىپ ياشاش داۋامىدا، ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ سىرتقى رەڭگى، بەدەن تۈزۈلۈش شەكلى قاتارلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە ياشاش مۇھىتىغا ماسلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: سۇپى تورغاي، چىلچىق توخۇسى قاتارلىق دالىلاردا ياشىغۇچى ھەر خىل قۇشلارنىڭ رەڭگى ساغۇچ ياكى توپا رەڭدە بولىدۇ. يېشىل ئوتلاقلار ئارىسىدا ياشايدىغان بەزى قۇشلارنىڭ رەڭگى يېشىلغا مايىل، گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدا ياشىغۇچى قۇشلارنىڭ رەڭگى بولسا، ئالا - چىپار ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى، قۇشلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھاياتلىق كۈرىشى داۋامىدا، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىپ، كۈشەندىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن بىر خىل "مۇھاپىزەت رەڭگى" دىن ئىبارەت. لايخورەك، لەگلەك، تۇرنا قاتارلىقلار ساسلىق، پاتقاقلىقلاردا سۇ كېچىپ ياشايدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بويىنى، تۇمشۇغى ۋە پۇتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. ياۋا ئۆدەك، چۆمگەك ئۆدەك، ساقا قۇش قاتارلىقلار سۇدا ياشايدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەدىنى قېيىق-شەكلىدە بولۇپ، سۇ


ئۈزۈشكە لايىقلاشقان، پەي، تۈكلىرى يۇمشاق ۋە قويۇق بولۇپ، سۇ يۇقمايدۇ.

تۇمشۇق — قۇشلارنىڭ سىرتقى مۇھىتقا لايىقلاشقانلىغىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى، قۇشلار ئۈچۈن كۆپ ئىقتىدارلىق قورال ھېساپلىنىدۇ. قۇشلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ، پەي، قاناتلىرىنى رەتلەيدۇ. ئوت - چۆپ غوللىرى، قەغەز پارچىلىرى، چىگە - لاتىلار ياكى لايلارنى توشۇپ كېلىپ ئۇۋا ياسايدۇ، كىچىك بالىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنىدۇ ۋە باشقىلار. قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى يۇقۇرى ھەم تۆۋەن ئىككى پارچە قاتتىق مۈڭگۈزسىمان ماددىدىن ئىبارەت. تۇمشۇقنىڭ تېگى تەرىپى تاڭلايغا ئوخشايدۇ ھەمدە يۇقۇرى، تۆۋەن ھەر ئىككى تاڭلىيى ئوخشاشلا ھەرىكەتلىنىدۇ (ئىنسانلارنىڭ پەقەت تۆۋەنكى تاڭلىيىلا ھەرىكەتلىنىدۇ.)، تۇمشۇق — قۇشلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرىدىغان ئېلان تاختىسىدىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ. يەنى قانداقلىكى قۇشلارنىڭ تۇمشۇغىغا سەپسېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ قانداق مۇھىتتا ياشايدىغانلىغى ۋە نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىغىنى پەرەز قىلىۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن: بۈركۈت، قارچۇغا، مۈشۈك ياپىلاق، سا قاتارلىق گۆشخور يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى ئۇچلۇق، ئۆتكۈر ھەم ئىلمەكرەك بولۇپ، گۆشنى چوقۇپ، تىتىلاپ يېيىشكە لايىقلاشقاندۇر. تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تۇمشۇغى ياغاچچىنىڭ ئىسكىنىسىدەك ئۇچلۇق بولۇپ، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى تېشىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇتلارنى كولاپ ئېلىشقا لايىقلاشقان.

شاتۇتنىڭ تۇمشۇغى ئامبۇرغا ئوخشاش بولۇپ، مېۋىلەرنى يېيىشكە، ئۇچكىلەرنى چېقىپ، مېغىزىنى ئېلىپ يېيىشكە لايىقلاشقان بولىدۇ. ھۆپۆپ مەھسۇس سەي - كۆكتاتلىق-لاردىكى تۇپراق ئارىسىدىن قۇرۇتلارنى تۇتۇپ يەپ ئوزۇق-لىنىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تۇمشۇغى ئۇزۇن ئۇچلۇق بولۇپ، ئاشۇ ياشاش ئادىتىگە لايىقلاشقاندۇر.

قۇشلار ئارىسىدا تۇمشۇغى ئەڭ چوڭ بولغىنى ساقا قۇش بولۇپ، تۇمشۇغىنىڭ ئاستىدا خالتىسى بولىدۇ. تۇت-قان بېلىقلارنى ئاشۇ خالتىسىغا سالىدۇ. ئەڭ كىچىك قۇش ھىساپلىنىدىغان ھەرە قۇشىنىڭ تۇمشۇغى يىڭنىدەك ئىنچىكە ھەم كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، گۈل شىرنىلىرىنى شوراپ ئوزۇقلىنىشقا لايىقلاشقان. تۇم-شۇغى ئۇزۇن، ئىنچىكىرەك بولغان قۇشلار ئاساسەن قۇ-رۇت - قوڭغۇزلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان قۇشلاردۇر. تۇم-شۇغى توم ھەم قىسقىراق كەلگەن قۇشلار كۆپىنچە ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى، زىرائەت دانلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر خىل قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلدى.

قۇشلارنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلاردىمۇ "مۇھەببەتلىشىپ ئىناق ئائىلە قۇرۇش" ئادىتى بولىدىغانلىقىنى بەلكىم خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدى-غاندۇرسىز. "مۇھەببەت، ئائىلە" دىگەن ئىنسانلارغا خاس ئادەت تۇرسا، قۇشلاردا مۇھەببەت دىگەن نىمە قىلسۇن؟ ھايۋان دىگەن بەربىر ھايۋان، ئۇلاردا مۇھەببەت تۇي-غۇسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىشىڭىز تۇرغان




4 - رەسىم: ھەر خىل قۇشلارنىڭ تۇمشۇقلىرى

A. ھەرە قۇشىنىڭ ھەر خىل تۇمشۇغى.

B. ئۇزۇن بويۇن لەگلەكنىڭ تۇمشۇغى.

C. شاتۇتى (تۇتى قۇش) نىڭ تۇمشۇغى.

D. لايخورەكنىڭ تۇمشۇغى.

گەپ. ئەملىيەتتە "مۇھەببەتلىشىپ ئىناق ئائىلە قۇرۇش" يالغۇز ئىنسانلاردىلا بولۇپ قالماستىن، باشقا ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇشلاردا تېخىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ. قۇشلاردىكى بۇنداق "مۇھەببەت" نىڭ خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئەگەر ھەمرىيى ئۆلۈپ قالمىسىلا، جۈپلەشكەن قۇشلار ئۆمۈر بويى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئىنسانلار قۇشلاردىكى بۇنداق مۇھەببەت ھادىسىسىگە بۇرۇندىنلا دىققەت قىلىشقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدە كاككۇك چىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، "كاككۇك - زەينەپ" ئاشىق - مەشۇقلارغا تەمسىل قىلىنىدۇ. خەنزۇلار قوشماق ئۆدەكنى مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىدۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ نەزىرىدە ئاققۇ ساپ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ھېساپلىنىدۇ. ئاققۇنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ھەقىقەتەن چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار مەيلى كولدە ئۈزگەندە، مەيلى ئاسماندا ئۇچقاندا بولمىسۇن، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەتتا كېچىلىرىمۇ بىر ئۇۋىدا ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ. ئەگەر بىرسى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقسا، ئىككىنچى بىرسى زادىلا ئۇنى تاشلاپ نېرى كەتمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، بىر چاغلاردا، بايىنبۇلاق ئاققۇ كولىدە سىرتتىن كەلگەن بىر دانە ئاققۇنى ئېتىپ يارىدار قىلىپ تۇتالماستىن كېتىپ قالغان. يارىدارلانغان ئاققۇ كولنىڭ بىر چېتىدىكى ئوت - چۆپلۈككە يېقىلىپ، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان. بۇ ئاققۇنىڭ يەنە بىر ھەمرىيى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنى ساقلىغان، ھەر

خىل ئۇزۇقلۇقلارنى توشۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قويغان. كېيىن ھەمرىيىنىڭ ئۆلگەنلىگىنى پەملىگەندىن كېيىن ئۇزىمۇ ھەمرىيىنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە نەقەدەر سادىق ۋە سەمىمى ئىكەنلىگىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ كۈزىتىشىدىن قارىغاندا، پىنگۋىن "مۇھەببەتلىشىپ ئائىلە قۇرۇش" ئالدىدا تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىقلارنى قىلىشىدىكەن. ئەركەك پىنگۋىن بىر تال يۇمىلاق تاشنى تېپىپ كېلىپ، چىشى پىنگۋىننىڭ ئالدىدا ئۇسۇل ئوينىغاندەك ھەر خىل قىلىقلارنى كورسىتىپ، ئاندىن ھېلىقى تاشنى چىشى پىنگۋىنغا تەقدىم قىلىدىكەن. چىشى پىنگۋىن بۇ يۇمىلاق تاش ئۇزىگە تەقدىم قىلىنغان "تويلۇق سوغات" ئىكەنلىگىنى چۈشىنىدىكەن. ئەگەر قارشى تەرەپ كوڭلىگە ياقسا، دەرھال تاشنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىسى بىر جۈپ بولۇپ ئۆمۈر بويى بىر - بىرىدىن ئايرىلماي بىرگە ياشايدىكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي كولىدە بىر قۇشلار ئارىلى بولۇپ، بۇ ئارالدا بىر خىل چىپار باش تۇرنا ياشايدۇ. ھەر يىلى باھار كېلىش بىلەن تەڭ، ئۇلار جۈپ - جۈپ بولۇپ مۇھەببەتلىشىش ئالدىدا بىر - بىرىگە قاراپ يېقىملىق ھەم توۋەن سايرىشىدىكەن، ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، تۇمشۇغى بىلەن بىر - بىرسىنىڭ پەيلىرىنى تاراپ قويىدىكەن، پەيلىرىدە ئەخلەت ۋە باشقا پاسكىنا نەرسىلەر بولسا، چوقۇپ تاشلىۋېتىدىكەن. مۇشۇنداق قىلىقلار بىلەن بىر - بىرىنىڭ "كوڭلىنى ئالغاندىن كېيىن" رەسمى جۈپ بولۇشۇپ، ئۆمۈر بويى ئەركەكنى

يېگىدىن باشقا بىر چىشىسىنى، چىشىسى يېگىدىن باشقا بىر ئەركەكنى تاپمايدىكەن. قوشماق ئۆدەكمۇ مۇھەببەتتى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان قۇشلارنىڭ بىرىسىدۇر. ئەركەك - چىشىسى ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپ جۈپلەشكەندىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. ئۇچقاندا، سۇ ئۈزگەندە بىر - بىرىدىن بىرەر قەدەممۇ نېرى كېتىپ قالمايدۇ. كەچتە ئۇخلىغاندا، ئەركىكى قانىتى بىلەن چىشىسىنىڭ سول تەرىپىنى، چىشىسى قانىتى بىلەن ئەركە-كىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى يېپىپ ياتىدۇ. "قوشماق ئۆدەك" دىگەن نام مۇشۇنىڭغا قاراپ قويۇلغان. ھىندونېزىيىدە جەننەت قۇشى دەپ ئاتىلىدىغان چىرايلىق بىر قۇش يا-شايدۇ. بۇ خىل قۇشلار ئۆزىگە "لايىق" ئىزلەپ "ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش" ئالدىدا بىرنەچچە ئون ئەركەك قۇش دەرەخنىڭ شېخىغا قاتار قونۇپ، رەڭمۇ - رەڭ چىرايلىق پەي - قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئۇسۇل ئوينىغاندەك ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىدىكەن ھەم يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سايراپ "ناخشا ئېيتىپ" چىشى قۇشلارنى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلى-دىكەن. ياۋروپادا ياشايدىغان ئاق باش تورغاي دىگەن بىر خىل قۇشنىڭ "مۇھەببەتتى" تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئەركىكى سىرتقا چىقىپ ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەندە ھەر قېتىم چىشىسىغا بىر دانە گۈل كوتىرىپ كېلىشنى زادى ئېسىدىن چىقارمايدىكەن. بۇنداق مىساللار قۇشلار دۇنياسىدا سان - ساناقسىزدۇر.

قۇشلار "مۇھەببەتلىشىپ" جۈپ بولۇپ ياشاپلا قالماي، يەنە توپ - توپ بولۇپمۇ ياشايدۇ. توپ ئارىسىدا بىر -

بىرىنىڭ "مەقسەت" لىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن، ئوزئارا سوز-
لىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، قۇشلارنىڭ تىلى بارمۇ؟
قەدىمدىن تارتىپلا كىشىلەر "قۇشلارنىڭ تىلى" غا ناھايىتى
قىزىقىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مۇنداق بىر
چوچەك تارقالغان: قەدىمقى زاماندا، بىر كۈنى پادىشا ئوۋ-
غا چىقىپ كېتىۋاتسا، يول بويىدا ئىككى تۈپ دەرەخ ئۇچ-
راپتۇ. دەرەخلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىر توپتىن قۇشقاچلار
ۋىچىرلىشىپ سايراۋاتقان ئىكەن. ئادەتتە پادىشانىڭ بىر
ۋەزىرى قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. پادىشا ئاشۇ ۋەزى-
رىنىمۇ يېنىدا بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. پادىشا "قۇش-
قاچلار نىمە دېيىشىۋاتىدۇ؟" دەپ ۋەزىرىدىن سوراپتۇ.
ۋەزىر قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىنى بىر پەس تىڭشاپ تۇر-
غاندىن كېيىن "بۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئوزلى-
رىگە ئېيتىشقا پېتىنالمايمەن" دەپتۇ. "نىمە دېيىشكەن
بولسا، شۇنى دەۋەرگىن، گۇنايىڭدىن ئوتتۇم!" دەپتۇ. پادى-
شا، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر قۇشقاچلارنىڭ دېيىشىۋاتقان سوز-
لىرىنى پادىشاغا ئوز ئەينى بويىچە ئېيتىپ بېرىپتۇ. "ئەس-
لىدە بۇ ئىككى توپ قۇشقاچلار ئوزئارا قۇدا چۈشۈشكەن
ئىكەن، ئوڭ تەرەپتىكى دەرەخكە قونۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ
قىزى، سول تەرەپتىكى دەرەخكە قونۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ
ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار يېقىندا توي قىلماقچى بولۇۋې-
تىپتۇ. ئەمما قىزى بارلار ئوغۇل تەرەپكە: "بىزگە ئۇۋا
سالىدىغانغا بىر پارچە ئەسكى تاملىق تېپىپ بەرمىسەڭلار
بولمايدۇ"، دېگەن شەرتنى قويۇپتۇ. ئوغۇل ئىگىسى قۇش-
قاچلار بۇ شەرتكە كونۇپتۇ ۋە: سىلەر غەم قىلماڭلار، پادى-

شانىڭ زۇلمى مۇشۇنداق كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشى-
ۋەرسە، ئۇزۇنغا بارماي، بو شەھەردىكى خەلقلەر ناەرا-تلىق-
تىن خانىۋەيران بولۇپ يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا
كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر
خاراپلىشىپ ئەسكى تاملىقا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر
بىلەن بىزلەرنىڭ خالىغانچە ئۇۋا سېلىشىمىزغا يېتىدۇ،
دەۋاتىدۇ، دەپتۇ ۋەزىر. پادىشا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ئوۋ ئوۋلاشتىن يالتىيىپ، ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ.“
بۇ گەرچە بىر چۆچەك بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قۇشلارنىڭ
تىلىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ”كۆكتۈزنىڭ ئوغلى كۆكجۈ-
چاڭ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى“ دېگەن خاتىرىلەر بار.
ھازىر گېرمانىيە ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردىكى
نۇرغۇن ئالىملار مەخسۇس قۇشلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قى-
لىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

قۇشلار نېمە ئۈچۈن سايرايدۇ؟ سايراشنىڭ رولى نېمى-
دىن ئىبارەت. قۇشلارنىڭ سايرىشى بىلەن ئاۋاز چىقىرى-
شى ئوخشاش بولمايدۇ. قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى،
ئادەتتە نوتىغا ئېلىنغاندەك رېتىملىق ھەم يېقىملىق چىقىدۇ.
مەسىلەن: بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، تورغايلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى
ئەنە شۇنداق. بۇنداق سايراش قۇشلارنىڭ چېتىشىش،
كۆپىيىش مەزگىللىرىدە، ئەركەك قۇشلارنىڭ چىشى قۇشلارغا
ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى، جۈپ ئىزلەش ئارزۇسىنى
نامايەن قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق يېقىملىق سايراش
ئارقىلىق ئەركەك قۇشلار چىشى قۇشلارنى ئۆزىگە جەلىپ

قىلىدۇ. قۇشلارنىڭ سايرىشىنىڭ يەنە بىر رولى، ئەركەك قۇشنىڭ مەلۇم بىر دائىرىسىنى ئىگەللىگىنى. بۇ دائىرىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇپ، باشقا ئەركەك قۇشلارنىڭ بۇ دائىرە ئىچىگە كىرىشىگە بولمايدىغانلىغىنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەركەك قۇش ئۆزى ئىگەللىگەن دائىرە ئىچىگە باشقا بىرەر ئەركەك قۇشلار كېلىپ قالغانلىغىنى كۆرگەن ھامان تېخىمۇ كۈچەپ سايرايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئالىملار مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبىنى ئىشلەپ كۆرگەن: سېرىق بويۇن سۇپى تورغاي سايراۋاتقان دائىرە ئىچىگە يەنە بىر سېرىق بويۇن سۇپى تورغاينىڭ ئەركىگىنىڭ تېرىسىدىن ياسالغان ئەۋرىشكىسىنى تۇيدۇرماستىن دەرەخ شېخىغا قوندۇرۇپ قويغاندا، ھېلىقى سايراۋاتقان ئەركەك سېرىق بويۇن سۇپى تورغاي بىر ئازدىن كېيىن، ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتكەن. گەرچە بۇ ئەۋرىشكە تازا ئوخشىتىپ ياسالمىغان بولسىمۇ، ھېلىقى تورغاي ھۇجۇمنى توختاتماستىن داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. سېرىق بويۇن سۇپى تورغاينىڭ سايرىغان ئاۋازىنى لېنتىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئالغۇ بىلەن ئەۋرىشكە يېنىغا قويۇپ قويغاندا، ھېلىقى سايراۋاتقان تورغاينىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ تېز ۋە كۈچلۈك بولغان. بۇنداق رېفلېكس پەقەتلا بىر خىل تۈردىكى قۇشلار ئارىسىدىلا بارلىققا كېلىدىكەن. ئەگەر ئەركەك قۇش سايراۋاتقان دائىرە ئىچىگە باشقا بىرەر خىلدىكى ئەركەك قۇشنىڭ ئەۋرىشكىسىنى قويۇپ قويغاندا، ھېچقانداق رېئاكسىيە بولمىغان. تەجرىبە نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل رېئاكسىيە يالغۇز ئەركەك

قۇشلار ئۆتتۈرىسىدىلا بولۇپ قالماستىن، بىر تۈردىكى ئەركەك قۇش بىلەن چىشى قۇش ئوتتۇرىسىدىمۇ بارلىققا كېلىدىكەن. ئەگەر سېرىق بويۇن سۇپى تورغاينىڭ چىشىسىنىڭ تېرىسىدىن ياسالغان ئەۋرىشكىنى ئەركەك سېرىق بويۇن سۇپى تورغاي سايراۋاتقان دائىرە ئىچىگە قويۇپ قويسا، ئەركەك تورغاي سايراپ، ئاستا - ئاستا چىشى تورغاي (ئەۋرىشكە) غا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن چېتىشىشقا باشلايدىكەن. چىشى تورغاي گەرچە بىر ئەۋرىشكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق "قىزغىن ھېسسىيات" بىلدۈرمىسىمۇ، ئەركەك تورغاي بۇ خىل "چېتىشىش" ھەركىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

قۇشلارنىڭ يەنە بىر خىل ئاۋازى رېتىمسىز ۋىچىرلاپ چىقىرىدىغان ئاۋاز بولۇپ، بۇ خىل ئاۋازلار ئارقىلىق قۇشلار بىر - بىرىگە ھەر خىل "مەقسەت" لىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. گېرمانىيىلىك مىللىر دىگەن بىولوگ بىر خىل چىپار باش تورغاينىڭ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ھەمرا ئىزلەيدىغانلىقىنى، ئۆز توپى ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاۋازىغا قاراپ ئۆز "تۇققان" لىرىنى تونۇيدىغانلىقىنى بايقىغان. مىللىرنىڭ كۆزىتىشىچە، چىپار باش تورغايلار چىقارغان ھەر خىل ئاۋازلارغا قاراپ "دادىسى" (ئەركىكى)، "ئانىسى" (چىشىسى) ۋە ئەركەك، چىشى باللىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىكەن. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن، باللىرى قاتارغا قوشۇلۇپ يېتىلگەندىن كېيىن يېقىن قېرىنداشلىقى بولغان "بىر تۇققان" لارنىڭ ئۆزئارا جۈپلىشىشىگە ۋە چېتىشىشىغا

يول قويۇلمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل تورغاينىڭ نەسلى ساپ بولۇپ، تۈرلىرى ساغلام داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىكەن.

قۇشلارنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئادەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش، تەبىئەتتىكى قۇشلار بىلەن تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇشۇش، قۇشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئاسراش، قۇش بايلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن خەلق ئىگىلىكىدە پىلانلىق تۈردە پايدىلىنىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4. قۇشلار قانداقىسىگە ئۇچالايدۇ؟

ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتنى، يەر بېغىرلاپ غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن قالغاچلارنى، دېڭىزغا ئوقتەك شۇڭغۇپ بېلىق تۇتۇپ يۈرگەن بېلىق ئاغۇچىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئۇلارنىڭ ئۇچۇشتىكى شۇنچە ئەركىن، شۇنچە تېز ۋە چاققان ماھارىتىگە زوقلانماي تۇرالمايسىز. بەزى قۇشلارنىڭ ھەتتا نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىكتە قىتئەدىن قىتئەگە توختىماستىن ئۇچۇپ بارالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭىزدا بەلكىم تېخىمۇ ئەجەبلىنىشىڭىز تۇرغان گەپ.

قۇشلار قانداقىسىگە ئۇچالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ماھارىتى نېمىشقا شۇنچىۋالا يۇقىرى بولىدۇ؟

قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىنسانلار قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا بەكمۇ قىزىقىپ كەلگەن ئىدى. كىشىلەر قۇشلارغا ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشنى، يىراق جايلارغا بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. "ئۇچار گىلەم"، "ياغاچ ئات" قا ئوخشاش ھېكايىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇشقا بولغان شىرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىنچە، نۇرغۇن ئالىملار، كەشپىياتچىلار قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھالىتىنى كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىغاندىن كېيىن مەخسۇس "قانات" لارنى ياساپ قۇشلارغا ئوخشاش

كوكتە قانات قېقىپ ”ئۇچۇش“ سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىشقان بولسىمۇ، كوڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. پەقەت، يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندىن كېيىن، پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدىلا كىشىلەر ئاندىن ”ئۇچۇش“ ئارزۇسىغا يەتتى.! بىراق، بۇ خىل ”ئۇچۇش“ ئايروپىلان ۋە باشقا ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا ئوخشىمايدۇ.

قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارى، تەبىەت دۇنياسىدىكى باشقا ئۇچالايدىغان هايۋاناتلار (مەسىلەن، ئۇچالايدىغان سۈت ئەمگۈچى هايۋان — شەپەرەڭ هەم هەر خىل هاشارەتلەر) دىن ئالاهىدە يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار هەقىقەتەن ئۇچۇشقا بەكمۇ ماهىر ۋە چىدامىلىق كېلىدۇ. قۇشلار نىمىشقا ئۇچالايدۇ؟ دەپ سورالسا، دەرهال: ”قانىتى بولغاچقا ئۇچالايدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئالاهىدىلىكىنى تىلغا ئالغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلاردىكى پەيلەرنىڭ توختىمىنى سوزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە، قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى بىلەن پۇتلىرىنىڭ تۇۋەنكى تەرىپىدىن باشقا، پۈتۈن بەدىنىنى پەيلەر قاپلىغان بولىدۇ. پەيلەر يېپىنچا پەي ۋە ماموق پەي (يۇمشاق پەيلەر) دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. يېپىنچا پەيلەردە پەي ئوقى بىلەن پەي شاخلىرى بولىدۇ. بۇلار رەتلىك تىزىلىپ يەلپۈگۈچسىمان پەيلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قۇشلارنىڭ قانات، قۇيرۇغى ئاساسەن يەلپۈگۈچسىمان پەيلەردىن ئىبارەت. يېپىنچا پەيلەرنىڭ ئارىسىدا يۇمشاق پەيلەر (ماموق پەي) بولۇپ، قۇشلارنىڭ بەدىنىنى تەكشى

ھالدا قاپلاپ تۇرىدۇ. يۇمشاق پەيلەرنىڭ ئاستىدا ئۇششاق ئىنچىكە تۈكچىلەر بولۇپ، تۈكچىلەرنىڭ ئۇچى ئىلمەك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىگە مەھكەم تۇتاشقان ھالەتتە بولۇپ، قۇشلار ئۇچقاندا شامالنىڭ تەسىرىدىن بەدىنى ئېچىلىپ قالمايدۇ. ئۇششاق تۈكچىلەرنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن، ئەمما تۈكچىلەرنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمەكنى پەقەت چوڭايتقۇچى ئەينەك بىلەن چوڭايتقاندىن كېيىن ئاندىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. قۇشلارنىڭ پېيى مۈڭگۈزسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئېلاستىكىلىقى





5 - رەسىم: قۇش پەيلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى

يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئارقىغا قاراپ ياتقان بولۇپ قۇشلارنىڭ بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرىدۇ ۋە بەكمۇ

سىلىق بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر قۇشلار ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىقىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدۇ.

قۇشلارنىڭ ئۇچالىشىدىكى ئىككىنچى بىر ئامىل، ئۇنىڭدا قانات ۋە قۇيرۇقنىڭ بولغانلىقىدۇر. قۇيرۇقنىڭ رولى ئاساسەن، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش يونىلىشىنى توغرىلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، قۇشلار ئۇچقاندا ئۇ بىر كۆتىرىلىپ، بىر تۆۋەن چۈشۈپ تۇرىدۇ. قانات — قۇشلارنىڭ مۇھىم ئۇچۇش ئەزاسى بولۇپ. قۇشلار ئۇچقاندا خۇددى قېيىقچىنىڭ ئىككى پالىقىدەك يۇقۇرى - تۆۋەن ھەركەتلىنىدۇ. قۇشلارنىڭ قاناتىنىڭ ئۈستى تەرىپى يۇقۇرىغا كۆتىرىلىپ تۇرىدۇ. ئاستى تەرىپى بولسا، ئىچىگە ئولتۇرۇشقان شەكىلدە بولىدۇ. قۇشلار ئۇچقان چاغدا قاناتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئۆتكەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ تېزلىكى قاناتىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئۆتكەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ تېزلىكىدىن يۇقۇرى بولىدىغانلىقتىن، بېسىم پەرقى شەكىللىنىدۇ - دە، كۆتىرىلىش كۈچى شەكىللىنىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆتىرىلىش كۈچى قۇشنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىدىن چوڭ بولغاندا، قۇش يۇقۇرى كۆتىرىلەيدۇ؛ كۆتىرىلىش كۈچى بەدەن ئېغىرلىقىدىن كىچىك بولغاندا، قۇش ئاستا - ئاستا پەسلەيدۇ. قۇشلار قاناتىنى يۇقۇرى - تۆۋەن ھەركەتلەندۇرۇش ئارقىلىق كۆتىرىلىش كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. ئەگەردە كۆتىرىلىش كۈچى قۇشنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ بولسا، قۇش قاناتىنى ھەركەتلەندۇرمەستىن تەكشى يونىلىش بويىچە لەيلەپ ئۇچالايدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچۇش شەكلى ئادەتتە قانات قېقىپ ئۇچۇش، لەيلەپ ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشتىن ئىبارەت 3 خىل

شەكىلدە بولىدۇ. كەينەر قاتارلىق ئادەتتىكى قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى قانات قېقىپ ئۇچۇش بولۇپ، بۇنداق ئۇچۇش شەكلى بىلەن قۇشلار ئەڭ ئاز ئېنېرگىيە سەرپ قىلىپ ئەڭ يۇقۇرى تېزلىككە ئىگە بولالايدۇ. لەيلەپ ئۇچۇش شەكلى قۇشلارنىڭ ئەڭ ئاددى ۋە ئەڭ ئىپتىدائى ئۇچۇش شەكلىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئۇچقاندا قۇشلار ئاساسەن قانىتىنى ئىككى بېقىنىغا چاپلاپ، ئالغا قاراپ شۇڭغۇپ ئۇچىدۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپ قانىتىنى قېقىپمۇ قويىدۇ. ھەر خىل سۇ قۇشلىرى، قالغاچ قاتارلىقلارنىڭ ئۇچۇشى مۇشۇ خىل ئۇچۇش شەكلىگە كىرىدۇ. پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش، قۇشلارنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئۇچۇش شەكلىدىن ئىبارەت. بۇركۇت، سا قاتارلىقلار-نىڭ ئۇچۇشى مۇشۇ شەكىلدىكى ئۇچۇشتىن ئىبارەت. پەرۋاز قىلىپ ئۇچقاندا، قۇشلار قانىتىنى قاقمايدۇ ياكى يىغىۋالماي-دۇ، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بوشلۇقتا قانىتىنى يېيىپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. قۇشلار پەرۋاز قىلىپ ئۇچقاندا، ئاساسەن يۇقۇرى ئورلىگەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ رولىغا تايىنىدۇ.



6 - رەسىم: قۇشلارنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلگەن ئىسسىق ھاۋا ئېقىمىغا تايىنىپ كۆتىرىلىشى.


A. يۇقۇرى ئۆرلەۋاتقان ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى تۈۋرۈكى

B. سوغاق ھاۋا بېسىمى بىلەن شەكىللەنگەن ھاۋا قايىنىمى

C. D. ھاۋا قايىنىمىنىڭ يۇقۇرى ئۆرلەش كۈچى بىلەن كۆتىرىلىۋاتقان قۇش.

قۇرۇقلۇقتا يۇقۇرى كوتىرىلگەن هاۋا ئېقىمى تۇراقلىق بولۇپ، بۇركۇت قاتارلىق قانىتى كۇچلۇك ۋە كەڭ بولغان قۇشلارنىڭ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دېڭىز ئۇستىدە يۇقۇرى كوتىرىلگەن هاۋا ئېقىمى تۇراقسىز بولۇپ، قانىتى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە تارراق كەلگەن قۇشلارنىڭ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دېڭىز بويلىرىدا ياشايدىغان ئالباتروس دەپ ئاتىلىدىغان چوڭراق بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، ئۇ بۇنداق هاۋا ئېقىمى شارائىتىدا بىرنەچچە سائەتلەپ پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدۇ. قالغاچنىڭ گەۋدىسى ۋە قانىتى بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، شامالغا قارشى ئۇچالىسىمۇ، ئەمما شامال ئاز شارائىتتا پەرۋاز قىلىپ ئۇچالمايدۇ.

قۇشلارنىڭ پۇتكۇل بەدەن تۇزۇلۇش شەكلىدىن قارىغاندا،



7 - رەسىم: دېڭىز قۇشى — ئالباتروسنىڭ شامال كۇچىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇشى.

A. شامال كۇچى كۇچلۇك بولغان ئېگىزلىك.

B. دېڭىز دولقۇنى بىلەن سۇركىلىش نەتىجىسىدە شامال كۇچى ئاجىزراق بولغان ئېگىزلىك.


ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ ياشاشتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئادىتىگە لايىقلاشقان نۇرغۇنلىغان فىزىئولوگىيىلىك، ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قۇشلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى دۇكسىمان (ئۇرچۇق) شەكلىدە بولغانلىقتىن، ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىغىنى كېمەيتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. قۇشلارنىڭ سۆڭەك تۈزۈلۈشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، كۆكرەك قىسمى 3 قىرلىق توش سۆڭىكىدىن ئىبارەت، ئۇ ھاۋانى ئىككى تەرەپكە ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاساسلىق سۆڭەكلىرىنىڭ ئىچى كاۋاك بولغانلىقتىن، قۇشلارنىڭ ئومۇمى بەدەن ئېغىرلىغى يەڭگىل كېلىدۇ. بۇمۇ قۇشلارنىڭ يۇقۇرى بوشلۇقتا ئۇزۇنغىچە ئۇچۇپ يۈرۈشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

قۇشلار يۇقۇرى بوشلۇقتا تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ ياشايدىغانلىقتىن، كۆپ مىقداردا ھاۋاغا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا قۇشلارنىڭ ئۆپكىسى ھاۋا خالتىسى بىلەن تۇتاش بولۇپ، نەپەس ئېلىش سىستېمىسى ناھايىتى تەرەققى تاپقان. ھاۋا خالتىسىنىڭ بولۇشى قۇشلاردىكى بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇنداق ھاۋا خالتىلىرى قۇشلارنىڭ ھەر بىر ئورگانلىرى ئارىلىقلىرىدا بولىدۇ. قۇشلار ئۇچقاندا، قانىتىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەن ھەركەتلىنىشى بىلەن ھاۋا خالتىسى كېڭىيىپ - تارىيىپ تۇرىدۇ. ھاۋا خالتىسى كېڭەيگەندە، سىرتتىكى ھاۋا ئۆپكىدىن ئۆتۈپ ھاۋا خالتىسىغا كىرىدۇ. ھاۋا خالتىسى تارايغاندا، بەدەن ئىچكى قىسىملىرىدىكى ھاۋا، خالتىسىدىن ئۆپكە ئارقىلىق سىرتقا چىقىدۇ. يۇقۇرىقىدەك ھاۋانىڭ ئىككى قېتىم ئۆتۈشۈشى، ئۆپكىنى

تولۇق نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نەپەس ئالغاندا ھاۋا خالتىسىغا كۆپلەپ سوغاق ھاۋا كىرىدىغانلىقتىن، ئۇچقاندا پەيدا بولىدىغان ئارتۇقچە ئىسسىقلىق تېزلىكتە تارقىلىپ كېتەلەيدۇ. نەتىجىدە، قۇشلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى باشتىن - ئاخىر بىردەك مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھاۋا خالتىسىنىڭ بولۇشى، قۇشلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىدۇ. مانا بۇ قۇشلار ئۇزاق مۇددەت توختىماي ئۇچقاندىمۇ چارچاپ قالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

قۇشلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىمۇ تەرەققىي تاپقان. ئۈچەي يوللىرى ھەم چىقىرىش بوشلۇقى يوللىرى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى بەدەن ئىچىدە ساقلىماي قانچىلىكى بولسا، شۇنچىلىكىنى دەرھال سىرتقا چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىش مەزگىلى بىرلا ۋاقىتتا بولمىغانلىقتىن، تۇخۇم تۇغۇش ۋاقتىمۇ بىرلا ۋاقىت ئىچىدە بولمايدۇ، بۇلارمۇ قۇشلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى كېمەيتىشكە پايدىلىق، يۇقىرقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا، قۇشلارنىڭ تېرىسى نېپىز ھەم بوش دولغاچقا، مۇسكۇللىرىنىڭ جىددى ھەركەتلىنىشىگە قولايلىق بولىدۇ. كۆكرەك مۇسكۇلى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، بۇمۇ ئۇچۇشقا پايدىلىق. قۇشلارنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسىمۇ خېلىلا تەرەققىي تاپقان، قۇشلارنىڭ يۈرىكى چوڭ ھەم سوقۇشى تېز بولغانلىقتىن، قان ئايلىنىشىمۇ تېز بولىدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۇچۇش ئېھتىياجىنى تەمىن قىلالايدۇ.

كورۇش قۇۋۋىتىنىڭ چوڭ بولۇشى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ. قۇشلارنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈگى، تەبىەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق جانلىقلارنىڭكىدىن يۇقۇرى بولىدۇ. سىناق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۈركۈت 1000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقاندا، يەردىكى كىچىك بىر پارچە گۆشنى كۆرەلەيدىكەن. قارچۇغىمۇ ئاشۇنداق ئېگىزلىكتىن ئېتىزلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەن چاشقانلارنى پەرق ئېتەلەيدۇ. 500 مېتىردىن يۇقۇرى ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھەر خىل كىچىك قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا ياكى يەردە ئومۇلەپ يۈرگەن قۇرۇت - قوڭغۇزلارنى كۆرەلەيدۇ. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئوزۇق ئىزلەۋاتقان لاچىننىڭ كۆزى ئادەمنىڭ كۆزىدىن 8 ھەسسە ئۆتكۈر بولىدىكەن.




8 - رەسىم: كەڭ قاناتلىق قۇشلارنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلگەن ئىسسىق ھاۋانىڭ كۆتىرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ لەيلەپ ئۇچۇشى
(ھاۋا ئېقىمىنىڭ كۆتىرىش كۈچى قۇشنىڭ تۆۋەن تارتىلىش كۈچىدىن ئېشىپ كەتسە، A دىن C غا كۆتىرىلىدۇ؛ يۇقۇرى كۆتىرىش كۈچى تۆۋەن تارتىلىش كۈچىدىن ئاجىز بولسا، A دىن B غا چۈشىدۇ)

## 5. قۇشلار نىمە ئۈچۈن كوچۈپ يۈرىدۇ؟

تەبىەتنىڭ خىلمۇ - خىل "نازۇ - نىمەت" لىرى بىلەن تولغان ياز پەسلى ئوتۇپ، شىۋىرغان شامالـلار ئالـتۇنـدەك سارغايغان غازاڭلارنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇشقا باشلىغان مەزگىلدە، ئاققۇ، تۇرنا، ياۋا ئودەك قاتارلىق خىلمۇ - خىل پەسىل قۇشلىرىنىڭ گوياكى ئۇزاق سەپەرگە ئاتلانغان جەڭگىۋار قوشۇنلاردەك، توپ - توپى بىلەن رەتلىك سەپ تارتىشىپ يېڭى بىر مەنزىلگە — جەنۇپتىكى ئىسسىق رايونلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇش مۇمكىن. ئەتىياز پەسلىنىڭ ئىللىق شامالىرى يەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئاخىرقى توڭلارنى ئېرىتىپ تاشلاش بىلەن تەڭ كەنت - مەھەللىلەرگە يېتىپ كېلىپ، پۈتۈن ياز بويى ھويلا - ئاراملارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ ۋىچىرلىشىپ يۈرگەن قالغاچلار ھەم گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن قويۇق باغلارنى چاڭ كەلتۇرۇپ، مۇڭلۇق سايراشلىرى بىلەن دىلغا ھوزۇر بېغىشلىغان كاككۇكلارمۇ قاياقلارغىدۇ كېتىپ قالىدۇ. بۇ قۇشلار نەگە كېتىدۇ؟

ئەسلىدە، كوپىنچە قۇشلاردا پەسىلنىڭ ئوزگىرىشىگە قاراپ كوچۇپ ياشايدىغان ئادەت بولىدۇ. بۇنداق كوچۇپ يوتكىلىش، شىمالىي يېرىم شاردىكى قۇشلاردا ناھايىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى، شىمالىي يېرىم شاردا قىش پەسلىدە قار

كوپ يېغىپ، پۈتكۈل يەر - زىمىننى ئاپپاق قار - مۇزلار قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ رايونلارنىڭ قىش پەسلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئاسىيا، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ياشايدىغان نۇرغۇن قۇشلار قىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئېكۋاتوردىن ئۆچۈپ ئۆتۈپ، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرىگە كوچۇشكە باشلايدۇ. جەنۇبىي يېرىم شاردا ياشىغۇچى بەزى قۇشلارمۇ ئېكۋاتوردىن ئۆتۈپ شىمالىي يېرىم شارغا كېلىپ قىشلايدۇ. ئالىملارنىڭ كۆزىتىشىچە، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان بېلىق ئاغۇچ (چايكا) گرېنلاندىيىگە كوچۈپ كېلىپ قىشلاپ، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا يەنە قايتىپ كېتىدىكەن. بۇلار كوچمەنچى قۇشلار ياكى پەسىل قۇشلىرىدۇر، پەسىل قۇشلىرى ياز پەسىللىك قۇشلار ۋە قىش پەسىللىك قۇشلار دىگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ياز پەسىللىك قۇشلار دىگەندە، ئەتىياز پەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ماكانلىشىپ، كوپىيىپ ئەۋلات قالدۇرىدىغان؛ كۈز پەسلىدە جەنۇپ تەرەپتىكى هاۋاسى ئىسسىق رايونلارغا كوچۈپ كېتىپ، قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ ئىككىنچى يىلىنىڭ باهار پەسلى بىلەن تەڭ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزغا قايتىپ كېلىدىغان قۇشلار كوزدە تۇتۇلىدۇ، مەسىلەن: كاككۇك، سۇپى - سۇپىياك، قالغاچ، تۇرنا، ئاق لەگلەك قاتارلىقلار. قىش پەسىللىك قۇشلار ياز پەسلىدە شىمالدىكى رايونلاردا تۇخۇم تۇغۇپ كوپىيىدۇ، كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ قىشلاپ، باهاردا يەنە شىمالغا قايتىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: جىگدىچۈك، سۆڭگۈچ، ياۋا ئۆدەك قاتارلىقلار. بەزى قۇشلار پەقەت ئۇياق - بۇياققا

كوچكەن ۋاقىتتىلا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۆتىدۇ. بۇنداق قۇشلار سەييارە قۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: چىقچىق قاتارلىقلار. ئاق قۇشقاچ، پاختەك، ياۋا كەپتەر قاتارلىقلار 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ھەچقاياقتا كوچمەي، ئاپتونوم رايونىمىزدا ماكانلىشىپ ياشايدۇ، بۇلار تۇراقلىق قۇشلاردۇر. بەزىبىر قۇشلار ئۆزلىرى ماكانلىشىپ ياشاۋاتقان رايوندا، كىچىك دائىرە ئىچىدە يوتكىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مەسىلەن، تومۇر تۇمشۇق، تۇرۇلغا قاتارلىقلار.

قۇشلارنىڭ كوچكەن ۋاقىتتىكى "قوشۇننىڭ سەپ تارتىش" شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. بەزى قۇشلار توپ - توپ بولۇپ، بىر توپنىڭ كەينىدىن يەنە بىر توپ بەلگىلىك ئارىلىق ساقلىغان ھالدا ئۇچىدۇ. بەزى قۇشلار بەدئەينى بىردىن قاتار سەپكە تىزىلغان جەڭچىلەرنى يېنىدا كوماندىر باشلاپ كېتىۋۋاتقان شەكىلدە ئۇچىدۇ. مەسىلەن: ئاققۇلار كوچكەن ۋاقىتتا، "٨" ياكى "قىس" شەكىلدە رەتكە تىزىلىپ ئۇچىدۇ. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا قېرىراق، تەجرىبىلىك ئاققۇلار باشلامچى بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۇچقانلىرى كىچىك ئاققۇلار بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، رېتىملىق ھالدا قانات قېقىشىپ ئۇچىدۇ. ھارغانلىرى ئۆزلۈگىدىن سەپنىڭ كەينىگە ئۆتىدۇ. تۇرنا، ئاق قوتان قاتارلىقلارمۇ سەپ تارتىپ ئۇچىدىغان قۇشلاردۇر. ھەر خىل قۇشلارنىڭ سەپ تارتىش شەكلى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چاغدىكى ئاۋازلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارنىڭ كوچكەن ۋاقىتتىكى ئۇچۇش سۈرئىتى ۋە ئۇچۇش ئېگىزلىكىمۇ بىر - بىرىگە

ئوخشاشمايدۇ. كۆزىتىشتىن قارىغاندا، سېرىق چىقچىقنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى سائەتىگە 90 كىلومېتىر بولۇپ، 35 سائەت توختىماستىن ئۇدا ئۇچالايدىكەن. نۇرغۇنلىغان كىچىك تېپتىكى سايرىغۇچى قۇشلار دائىم 12 سائەتتىن 15 سائەت كىچە ۋاقىت ئىچىدە 1000 — 750 كىلومېتىر ئارىلىققا توختىماستىن ئۇچالايدىكەن. رادار ئارقىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بەزى پەسىل قۇشلىرىنىڭ ئۇچۇش تېزلىكى سائەتىگە 93 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. ئەڭ ئاستا ئۇچىدىغانلىرىمۇ سائەتىگە 18 كىلومېتىر ئۇچالايدىكەن. پەسىل قۇشلىرىنىڭ كۆچكەن ۋاقىتتىكى تېزلىكى باھار پەسلىدە كۈز پەسلىگە قارىغاندا سائەتىگە 7 كىلومېتىر تېز بولىدىكەن. قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئېگىزلىكىنى يەردە تۇرۇپ ئاددىي كۆز بىلەن كۆزەتكەندە، ئاسماندىكى قۇش بىزگە بىر قارا چېكىتتەك كۆرۈنسە، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى 800 مېتىر دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر قۇشلار 1000 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىزلىكتە ئۇچسا، كۆزىمىزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. ياۋا كەپتەرلەر ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندا، 8300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىكەن.

قۇشلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى قەدىمقى دەۋرلەردىلا باشلانغان بىر خىل ئادەتتۇر. بۇنىڭدىن 2000 مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن گىرېتسىيە ئالىمى ئارىستوتىل «ھايۋاناتلار تەزكىرىسى» دىگەن كىتاۋىدا، پۈتكۈل ھايۋاناتلار دۇنياسىنى 5 تۈرگە ئايرىغان. قۇشلارنى بولسا، ئۈچىنچى تۈرگە ئايرىغان، يەنى: ئىككى پۇتى بار، پەي، قاناتلىرى بولغان، ئۇچالايدى-

غان، تۇخۇم تۇغۇپ كوپىيىدىغان تۇر دەپ ئاتىغان. ئۇ نۇرغۇنلىغان قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى، بەدەن تۈزۈلۈش شەكلى، نەسىللىنىشى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا تارقىلىشى، كوچۇشى. سەزگۇ ئەزالىرى، ئاۋاز چىقىرىش (سايراش) قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلى كۆزىتىپ خاتىرە قالدۇرغان. "تۇرنا، ساقا قۇش قاتارلىقلار سىچمۇن دەرياسى بويىدىن ئىسسىق رايونغا كوچۇپ بارىدىكەن، ئېھتىمال ئىسسىق ياقىلارغا بارسا كېرەك. لەگلەك، پاختەك، تورغاي قاتارلىقلار شۇ رايوندا تۇراقلىشىپ قالىدىكەن" دىگەن ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ «هايۋاناتلارنىڭ هەركىتى» دىگەن كىتاۋىدا، تۇرنا، ئودەك قاتارلىق هەر خىل قۇشلارنىڭ كوچۇپ، يوتكىلىش ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ خاتىرە قالدۇرغان. قۇشلارنىڭ بۇنداق ئۇزۇن ئارىلىقتا كوچۇپ يوتكىلىشى ناهايىتى مۇشەققەتلىك، هەتتا خەتەرلىكمۇ بولىدۇ. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، 1904 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 -، 14 - كۈنلىرى ئامېرىكىنىڭ ئايئوۋا شىتاتىنىڭ غەربىي شىمالىدا توپلىشىپ كوچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار قار - شىۋىرغانلىق بورانغا دۇچكەلگەن، نەتىجىدە ئىككى كۋادىرات كىلومېتىر ئارىلىقتا 750 مىڭ دانە قۇش ئىگىز ئىمارەتلەر، سىم يولىرى، تېلېۋىزىيە مۇنارلىرىغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، بىراقلا ئولۇپ كەتكەن. خەتەردىن ئامان قالغان ئاز بىر قىسىم قۇشلار كوچۇش يونۇلۇشىنى ئوزگەرتمەي، ئوز يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىمۇ، قۇشلار كوچكەندە بەزىلىرى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىگىز مۇنارلار، يۇقۇرى بېسىملىق توك سىمى قاتارلىقلارغا سوقۇلۇپ، پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. بەزىدە،

كوچكەن قۇشلار توپى كۈچلۈك بورانغا دۇچكېلىپ قالسا، بوران ئۇلارنى پۈتۈنلەي نىشانىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ ياكى بولمىسا، ئۇششاق تاش ـ قۇملارنىڭ ئېقىمى ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. يەنە بەزىدە، كوچكەن قۇشلارنىڭ قاتتىق سوغاق ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ بىراقلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. كوچكەن قۇشلارنىڭ يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم بولۇشى، ئوۋچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ئادەتتىكى ئەھۋاللاردۇر. قۇشلار مەيلى قانداق ئەھۋاللارغا دۇچكەلمىسۇن، ئامان قالغانلىرى كوچۈش نىشانىنى ئۆزگەرتمەي قەيسەرلىك بىلەن ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بۇنداق كوچۈش ئادىتىنى ھەر يىلى ئادەتتىكىدەكلا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

قۇشلار نىمە ئۈچۈن كوچىدۇ؟ قۇشلارنىڭ كوچۈش سەۋەپلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئوخشاشمىغان كوز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، قۇشلارنىڭ كوچۈشى مۇز دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجى تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل تۇغما ئادەتتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلار: قۇشلار نەچچە يۈز مىليون يىللادىن بېرى، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇچقان يول بىلەن ئۇچۇپ، داۋاملىق كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كوچۈش — قۇشلارنىڭ نەسەبىدىن قالغان ئىرسىيەتلىك ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ئۇلارنىڭ ئۆزۈن مەزگىل ئىچىدە تەبىئى ياشاش شارائىتىغا لايىقلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر: قۇشلار ئىسسىق ۋە سوغاقنىڭ ئۆزگىرىشىگە

بەكمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، قۇشلارنىڭ ئىچكى ئورگانىزىمىدا مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئىچكى ئۆزگىرىش، قۇشلارنىڭ پەسىلگە قاراپ يوتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: قۇشلارنىڭ كوچۈش سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئوزۇقلىنىش شارائىتى قۇشلارنىڭ كوچۈپ يوتكىلىشىگە تەسىر كورسىتىدۇ. يازدا ھەر خىل ھاشارەتلەر راسا كوپىيىدۇ، مېۋە - چېۋىلەرمۇ پىشىدۇ. بۇلار قۇشلارنىڭ مول يېمەكلىكى ھېساپلىنىدۇ. كۈز ۋە قىش پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلارنى قار - مۇزلار قاپلايدىغانلىقتىن، قۇشلارنىڭ ئوزۇقلۇق شارائىتى ئۆزگىرىدۇ، بۇ چاغدا، ئوسۇملۇكلەر قۇرۇپ، ھاشارەتلەر توشۇكلەرگە كىرىپ كېتىدۇ ياكى سوغاقتىن ئولۇپ تۈگەيدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا قۇشلار جەنۇپتىكى ھاۋاسى ئىسسىق رايونلارغا كوچۈپ بېرىپ قىشلاپ، ئوزۇق ئىزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەسلىدىنلا ئىسسىق رايونلاردا ماكانلىشىپ ياشايدىغان بەزى قۇشلار ھېچقاياققا كوچمەيدىكەن. يەنە بەزى قۇشلار بولسا، يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇبىغا قاراپ كوچىدىكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، قۇشلاردا ئەسلى كېلىپ چىققان ماكانىنى قوغلىشىش ئادىتى بولىدىكەن.

كوچمەيدىغان قۇشلار ئوچۇن ئېيتقاندا، قىش پەسلى سوغاق، ئاچلىق قاتارلىق نۇرغۇن "كوڭۈلسىزلىك" لەر بىلەن تولغان بولىدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئادەتتە

ئېتىز - داللاردا، تاغ - ئېدىرلىقلاردا ياشايدىغان قۇشلار، سوغاقتىن دۇگدىيىپ، تىترەشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار توختىماستىن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ، شاختىن - شاخقا سەكرەپ ئۆزىنى ئىسسىتىش بىلەن ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى قۇشلار يەنىلا قىشتىن چىققالماي، ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. قىشنىڭ قار - شۇۋىرغانلىق سوغاق كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىرتقۇچ قۇشلاردىن تەشكىللەنگەن "جەسەت يىغىش ئەترىدى" ھەركەت باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغ - ئېدىرلاردا پەس ئەگىپ ئۇچۇپ چارلاش بىلەن، قۇشلار ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ ئوزۇقلىنىدۇ. ھاشارەتلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىغان بەزى كىچىك قۇشلار ئوزۇق تاپالمىغانلىقتىن، قىش پەسلىدە دائىم ئاچ ھالەتتە يۈرىدۇ. ئاق باشلىق سۇڭگۈچ ھېچ ئامال قىلالمىغاندا، قىغ دۆۋىلىرى ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇلگەن قۇرۇت تۇخۇملىرىنى تېرىپ يەپ جان ساقلايدۇ. قاغىلارمۇ دائىم ئەخلەت دۆۋىلىرى ئەتراپىدا چوگىلەپ يۈرۈپ، ئاندا - ساندا تېپىلىپ قالىدىغان ئازراق نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەگەر ئورمانلىقتىن بىرنەچچە تاغ قۇشقىچىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىنى يېرىپ قارايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدا ھېچنەرسە يوق، قۇپ - قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئاشقازىنىدا ناھايىتى ئازلا يېمەكلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. قۇش تەتقىقاتچىلىرى تاغ قۇشقىچى ساندىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئوخشاشمىغان پەسىللەر بويىچە ھېساپلاپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ يازدا ئەڭ كۆپ، قىش پەسلىدە ئەڭ

ئاز بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭدىن قىش پەسلىدە
كۆچمەيدىغان ھەر خىل پايدىلىق قۇشلارنى ئاسراشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇڭا بىز زىمىستان
سوغاق بولىدىغان قىش پەسلىدە، ھەر خىل پايدىلىق قۇش-
لارغا دائىم ياۋا ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى، دان - يېمەك-
لىكلەرنى چېچىپ بېرىشىمىز، سۇ ئوقۇرلىرىنى تەييارلاپ
ئىسسىق سۇ قۇيۇپ بېرىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ
ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماي، قىشتىن سالامەت چىقىشىغا شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ھەتتا بەزى پايدىلىق
قۇشلارنىڭ سوغاقتا توڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا
مۇۋاپىق ھالدا سۈنئىي ئۇۋا ياساپ بەرسەكمۇ بولىدۇ.

## 6. قۇشلارنىڭ نەسىللىنىشى

قۇشلارنىڭ جۈپلىشىپ ئۇۋا ياسىشى، تۇخۇم تۇغۇپ تۇخۇم بېسىشى، بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ چوڭ قىلىشى، ئۇچۇم بولغاندىن كېيىن، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىتىپ قاتارغا قوشۇشى — ئۇلارنىڭ ئۆز نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى تۇغما قابىلىيىتىدۇر. كۆپىيىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، يېتىلگەن قۇشلار ئالدى بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇلاردا نۇرغۇنلىغان فىزولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش، ئۇلارنىڭ جىنسى بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقارغان جىنسى هورمونلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇ خىل تەسىر نەتىجىسىدە، قۇشلارنىڭ پۈتكۈل نەسىللىنىش مەزگىلىدىكى قىلىق - هەركەتلىرى هەممە ياشاش ئادەتلىرىدە گەۋدىلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

### 1. دائىرە ئىگەللەش

ئادەتتە، قۇشلارنىڭ تۇراقلىشىپ ياشايدىغان مۇقىم بىر ئۇۋىسى بولمايدۇ. هاۋا ئىسسىپ كەتسە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا، يامغۇر ياغسا، بىرەر دالدا جايغا كىرىۋېلىپ

ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. كېچىلىرى خالىغان دەرەخ شاخلىرىدا دەم ئېلىپ ئۇخلايدۇ. ئوزۇق ئىزلىگەندە، ئۇياق - بۇياقلارغا بېرىۋېرىدۇ. نەسىللىنىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندىلا قۇشلار ئاندىن بىرەر جايغا ئۇۋا ياساپ كۆپىيىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. قۇشلار ئۇۋا ياساشتىن بۇرۇن، كۆيلىگەن ئەركەك قۇش ئالدى بىلەن ئۆزى مۇۋاپىق دەپ تاللىغان بىرەر دائىرىنى "ئىگىلەيدۇ". ئاندىن ئىگىلىگەن دائىرە ئىچىدىكى ئەپلىك بىر جايغا قونۇۋېلىپ سايراشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق سايراش بىلەن باشقىلارغا مۇشۇ دائىرىنى ئۆزى ئۇۋا ياساش ئۈچۈن ئىگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.



9 - رەسىم: كىچىك قۇش سايراپ دائىرە ئىگىلەۋاتىدۇ.

بۇ دائىرە شۇ قۇشنىڭ نەسىللىنىش مەزگىلىدە ھەركەت قىلىدىغان، ئوزۇق ئىزلەيدىغان رايونى بولىدۇ. بۇ دائىرە ئىچىگە شۇ تۈردىكى باشقا ئەركەك قۇشلارنىڭ كىرىشىگە يول قويمايدۇ. ئەگەر باشقا ئەركەك قۇشلار بۇ دائىرە ئىچىگە كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئەگەر ئىككى قۇش يېقىن دائىرە ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت بىللە ھايات كەچۈرگەن بولۇپ، تونۇشلۇقراق بولسا، بىر - بىرىنىڭ ئۇۋا

رايونغا كىرىسىمۇ ئانچە پەرۋا قىلىشمايدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن
دائىرە تالىشىپ "جىدەل" قىلمايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى قۇشلارنىڭ ئىگەللەيدىغان ئۇۋ-
ۋا رايونىنىڭ دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ. چوڭراق يىرتقۇچ
قۇشلارنىڭ ئىگەللەيدىغان دائىرىسى چوڭراق، كىچىك تىپتى-
كى قۇشلارنىڭ ئىگەللەيدىغان دائىرىسى كىچىكرەك بولىدۇ.
بۇنداق دائىرە ئىگەللەش ئەھۋالى قۇشقاچلار ئەتىرىدى، تور-
غايلار ئەتىرىدى قاتارلىق كىچىك قۇشلاردا ناھايىتى روشەن
بولىدۇ. مۇتلەق كوپ ساندىكى قۇشلارنىڭ ھەر بىر جۇپ
بويىچە دائىرە ئىگەللەش ئادىتى بولىدۇ. بەزى تۈردىكى
قۇشلارنىڭ بىر توپ بويىچە دائىرە ئىگەللەيدىغان ئەھۋاللى-
رىنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇنداق قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىق-
تىدارى كۈچلۈك بولۇپ، تۇخۇم بېسىش، بالا بېقىش مەزگى-
لىدە ئوز ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىن قىلالايدىغان مول ئوزۇق-
لۇق مەنبەسى بولغان كەڭرەك دائىرىنى تاللاپ ئىگەللەيدۇ.
مەسىلەن: بېلىق ئاغۇچ، قالىغاچ، يامغۇر قالغىچى، قاغا قا-
تارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇۋۇسى ئادەتتە
ئۇۋۋا رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلىشىدۇ. ئىككى ئۇۋۇنىڭ جاي-
لاشقان ئارىلىقى ئارقىلىق بىر ئۇۋۋا رايونىنىڭ دائىرىسىنى
مولچەرلەش مۇمكىن. قۇشلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرى، ئوزۇقلۇق
تۈرى ۋە ئوزۇقلىنىش مىقدارى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇ-
لار ئىگەللەيدىغان ئۇۋۋا رايونىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخ-
شاشمايدۇ. جاغالما، سا، كوكۇنەك قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋۋا
رايونىنىڭ دائىرىسى، بىرنەچچە كۇۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ.
قۇشقاچلار ئەتىرىتىدىكى قۇشلارنىڭ بىرنەچچە ئون ياكى نەچ-

چە يۈز كۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ. تاغ قۇشقىچىنىڭ ئۇۋا رايون دائىرىسى 200 ــ 60 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تورغاي، تۇمۇچۇق قاتارلىق كىچىك تىپتىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋا رايون دائىرىسى تېخىمۇ تار راق بولىدۇ. دېڭىز بويىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ئۇۋا ياسايدىغان بەزى دېڭىز قۇشلىرىنىڭ ئۇۋا رايونى تېخىمۇ كىچىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈپىنىڭ ئۇۋا رايونىنىڭ دائىرىسى بىرنەچچە كۋادرات مېتىرلا بولىدۇ. ھەتتا بىر - بىرى بىلەن "تام خوشنا" بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئۇۋا رايونى باشقا تۈردىكى ئۇۋا رايونى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇ دائىرىدىن ئۇلار ئوزۇق ئىزلەشنى ئاساس قىلمايدۇ، پەقەت ئۇۋا ياساش، چېتىشىش ئۈچۈنلا پايدىلىنىدۇ. لەگلەك، بېلىق ئاغۇچ، چىل قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋا رايونى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. چېتىشىش ئاساس قىلىنىدىغان ئۇۋا رايونى جۈپلەشكەن قۇشلارنى كۆپلەش، چېتىشىش، تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىش جەريانىدا باشقا قۇشلارنىڭ مۇداخىلىسىدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتە ياۋا ئۇدەكلەر توپىدىكى ئەركەك، چىشى ئۇدەكلەرنىڭ نىسبىتى تەڭپۇڭ بولمايدۇ، ئەركەكلىرى چىشىلىرىدىن كوپ بولىدۇ. شۇڭا جۈپلەشكەن ئۇدەكلەر ھەمىشە ئەركەك ئۇدەكلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىش پەسلىدىلا چىشى ئۇدەكلەر توپ ئارىسىدىن بىر ئەركەك ئۇدەكنى تاللاپ ئالىدۇ - دە، جۈپلىشىپ نەسىللىنىش رايونىغا كېلىشىدۇ ھەم چېتىشىش، ھەم ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن تاللىنىدىغان ئۇۋا رايونىنى قۇشلار بەكرەك قوغدايدۇ. بولۇپمۇ ئۇچۇش ئىقتىدارى ئاجىز ۋە ئوزۇق-

لۇق مەنبەسى ئازراق بولغان قۇشلارنىڭ ئوزۇق تېپىشى ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقتىن، ئۇلار ئۇۋا رايونىنى تۇغداشقا تېخىمۇ يەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان قۇشلار شۇنداق. يەنە بەزى قۇشلار ئوزى ئۈچۈن گەرچە ئۇۋا رايونى دائىرىسىنى ئىگەللىسىمۇ، ئەمما قاتتىق چېك-چېگرىسى بولمايدۇ. بۇنداق قۇشلار ھەر خىل ئۇۋا رايونلىرىدىن ئۇچۇپ ئوتۈۋېرىدۇ، ئوزئارا ئۇچمەنلىشىدىغان ھېچقانداق ئىپادىلەر كورۈلمەيدۇ، پەقەتلا ئۇۋا ياساش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇن تالىشىپ "جېدەللىشىپ" قالىدىغان ئايرىم ئەھۋاللار بولىدۇ. مەسىلەن، كەپتەرلەرمۇ شۇنداق.

دائىرە ئىگەللەش، قۇشلارنى نەسىللىنىپ كوپىيىش ئۈچۈن ۋالايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ بىردىر چوڭراق رايون دائىرىسى ئىچىدە تەكشى تارقىلىشىغا، يېتەرلىك ئوزۇقلۇق مەنبەسىگە ئىگە بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. پۈتكۈل نەسىللىنىش مەزگىلىدە، قۇشلارنىڭ مەتابولىزمى (ماددا ئالماشتۇرۇشى) ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئوزۇقلىنىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. بولۇپمۇ بالا بېقىش مەزگىلىدە، قۇشلار ئوز بالىلىرىغا نەچچە يۈز قېتىملاپ يەمەكلىك توشۇيدۇ. شۇڭا، مۇقىم بىر تەمىنلەش رايونىنىڭ بولغانلىقى، قۇش بالىلىرىنىڭ ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. بىراق، قۇشلار بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدە ئەركەك قۇشلارنىڭ "سەزگۈرلۈكى" تۆۋەنلەپ قېلىپ، بەزىدە باشقا قۇشلار ئۇۋا رايونلىرىغا كىرىپ ھەركەت قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كورۈلىدۇ. مۇنداق بولۇشى، ئاتا-ئانا

قۇشلارنىڭ ئۇز باللىرىنى تويغۇزۇش بىلەنلا ئاۋارە بولۇپ
كېتىپ ئۇۋا رايونىنى "قرغداش" نى ئۇنتۇپ قالغانلىغىدىن
بولىدۇ. يەنە بەزىدە ئەركەك قۇشلارنىڭ نەسىللىنىشىنىڭ
دەسلىۋىدە شەكىللەنگەن جىنسى هورمۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ كەت-
كەنلىگىدىنمۇ بولىدۇ.


ئادەتتە، قۇشلارنىڭ ئۇزىنىڭ كونا ئۇۋا رايونلىرىغا بولغان
ھېسسىياتى خېلىلا چوڭقۇر بولىدۇ. 80% دىن ئارتۇق قۇش-
لار ھەر يىلى ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇۋا رايونىغا ياكى ئەس-
لىدىكى ئۇۋا رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى 10 ـ 5 كىلومېتىر كې-
لىدىغان جايغا كېلىپ يېڭىدىن ئۇۋا رايون دائىرىسىنى تال-
لايدۇ. ئاز بىر قىسىم قۇشلار 10 ـ 5 كىلومېتىردىن يىراق
بولغان جايدا يېڭى دائىرە ئىگىلەيدۇ. پەقەت ناھايىتى ئاز
بىر قىسىم قۇشلارلا ئەسلىدىكى كونا ئۇۋا رايونىغا ئېتىۋار
قىلماي، ھەر يىلى يېڭىدىن دائىرە ئىگىلەيدۇ. ئۇۋا رايون
دائىرىسىنى ئىگىلەش جەريانىدا، قۇشلار ئارىسىدا قىسقا
كەسكىن "جەڭ" لەر مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق جەڭلەردە
كۈچلۈكلىرى غەلىبە قىلىپ، ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان
دائىرىنى ئىگىلەيدۇ. تېنى ئاجىزراق بولۇپ، مەغلۇپ بولغان-
لىرى، ئۇۋا رايونىنى تاشلاپ چېكىنىدۇ ۋە باشقا جايدىن دا-
ئىرە ئىگىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## 2. "مۇھەببەتلىشىش"

"مۇھەببەتلىشىپ ئىناق ئائىلە قۇرۇش" يالغۇز ئىنسانلار-
دىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. قۇشلار-

نىڭ ”مۇھەببىتى“ نىڭ بەكمۇ چوڭقۇر ۋە قىزىقارلىق بولى-
دىغانلىقى توغرىسىدا باشتا سۆزلەپ (”قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئا-
دەتلىرى“ دىگەن قىسىمغا قاراڭ) بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ
يەردە قايتا تەپسىلى توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. شۇنداقتىمۇ،
قۇشلارنىڭ ”مۇھەببەتلىشىپ، ئىناق ئائىلە قۇرۇش“ ئۇلارنىڭ
نەسىللىنىپ كۆپىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ
يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بەزى تەرەپلەر
بار.

ئەركەك قۇش ئۆزى لايىق تاپقان دائىرىنى ئىگەللىگەن-
دىن كېيىن، ھەر خىل يېقىملىق ئاۋازلاردا سايراپ، چىشى
قۇشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.



10 - رەسىم: ئەركەك قۇش چىشى قۇشقا قاراپ سايراپ،
”مۇھەببەت“ ئىزھار قىلماقتا

ئەتراپتا چىشى قۇشلار كەلگەندىن كېيىن، خىلمۇ - خىل
قىزىقارلىق ”خۇلق“ لارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ”مۇھەببىتى“
نى ئىزھار قىلىدۇ. ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ ”كۆڭلىگە يېقىش-
سا“ مۇھەببەتلىشىپ جۈپلىشىدۇ. مەسىلەن، توگە قۇش جۈپ-

لىشىش ئالددا، ئەركىگى ئالدى بىلەن چىشىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ "ساما ئۇسۇلى" غا دەسسەپ بىر پەس چوگىلىگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن "تەسىرلەنگەن" چىشى قۇشمۇ تەڭ ئۇسۇلغا چۈشۈپ، ئەركىگىنىڭ "مۇھەببىتى" نى قوبۇل قىلىدۇ. ئەركەك قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلاردا سايراپ "مۇھەببەت ناخشىلىرى" نى ئېيتىپ چىشى قۇشلارنى ئۆزىگە جەلپ قى- لىش ئۇسۇلىدىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ سىرتقى كورۇنۇشىدىمۇ چىشى قۇشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان روشەن بەلگىلەر بولىدۇ. ئادەتتە، ئەركەك قۇشلارنىڭ پەيلىرى رەڭگا-رەڭ، گۈزەل بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىمۇ چىشى قۇشلاردىن چوڭراق بولىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ بېشىدا چىراي- لىق تاجلىرى بولىدۇ. بۇنداق تاجلارنىڭ بەزىلىرى گوشلۇك تاجى بولسا، بەزىلىرى پۇتۇنلەي پەيلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەركەك قۇشلارنىڭ قۇيرۇغىمۇ چىشى قۇشلارنىڭكىدىن ئۇزۇن ۋە كوركەم بولىدۇ. بەزى تۈردىكى قۇشلارنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەركەك-چىشىلىرىنىڭ روشەن پەرقلىرى بولماي- دۇ. لېكىن، نەسىللىنىش، كوپىيىش مەزگىلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، ئەركەكلىرى "رەڭ توزەش" كە باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پەيلىرى رەڭگا-رەڭ بولۇپ ئوزگىرىپ، ھەر خىل "تويلۇق كىيىم" لىرىنى كىيىۋالىدۇ.

ئادەتتە، ھەر خىل تۈردىكى قۇشلارنىڭ پىشىپ يېتىلىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. مۇتلەق كوپ ساندىكى قۇشلار بۇ يىل تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، كېلەر يىلى پىشىپ يېتى- لىپ، نەسىللىنىشكە باشلايدۇ. تۇرنا، ساقا قۇش، بېلىق ئاغۇچ، يامغۇر قالغىچى، مۇشۇك ياپىلاق، لاچىن، قاغا، جاغالما قا-

تارلىق قۇشلار ئىككى يىلدا پىشىپ يېتىلىدۇ. چوڭراق يىرتقۇچ قۇشلار 4 يىلدىن 6 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا ئاندىن پىشىپ يېتىلىدۇ. پىشىپ يېتىلگەن قۇشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىدىن قاراپ ئەركەك، چىشىلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، پىنگۋىن، ساقا قۇش، چۆمگەك ئۆدەك، بېلىق ئاغۇچ، يامغۇر قالغىچى، دېڭىز قۇشقىچى قاتارلىق قۇشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قاراپلا، ئەركەك ـ چىشىلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىش مەزگىلى بىر يىلنىڭ بەلگىلىك پەسلىدىلا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بولغىنى ئۈچۈن قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىش مەزگىلى، ئەتىياز پەسلى ۋە ياز پەسلىنىڭ باشلىرىدا بولىدۇ. بۇنداق كۆپىيىش مەزگىلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قۇشلارنىڭ كۈيلىشى، شۇ مەزگىلدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن: كاككۇك جەنۇبىي شىنجاڭدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا كۈيلەيدۇ ـ دە، سايراپ جۈپ ئىزلەشكە باشلايدۇ. ئۈرۈمچى رايونىدا بولسا، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن كۈيلەيدۇ. كۈيلەش مەزگىلىنىڭ بالدۇر ياكى كېيىن بولۇشى، تېمپېراتۇرىغا باغلىق بولۇپ قالماي يەنە ئوزۇقلىنىش شارائىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىش مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق سەرپىياتى ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەچكە، يېتەرلىك ئوزۇقلىنىش شارائىتى بولغاندىلا ئاندىن نەسىللىنىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. قۇشلار كۈيلەش باسقۇچىغا كىرگەندە، ئەگەر ھاۋا بۇرۇلۇپ يامغۇر ياغسا ياكى شىۋىرغان

شامال چىقىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلار-
نىڭ جىنسى بەزلىرى تورمۇزلىنىپ، چېتىشىشتىن ۋاقتىنچە
توختاپ قالىدۇ. ئادەتتە يېتىلگەن ئەركەك قۇشلار ئالدى بى-
لەن كۆيلەيدۇ. ئۇ خىلمۇ - خىل "مۇھەببەت ۋاستىلىرى"
ئارقىلىق چىشى قۇشنىڭ "مۇھەببىتى" نى ئويغاتقاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭمۇ جىنسى ھورمۇنلىرى ئاجرىلىپ چىقىشقا باشلاي-
دۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن چىشى قۇشمۇ كۆيلەشكە باشلايدۇ.
بۇ ئارقىلىق ئىككىسى جۈپلىشىپ، چېتىشىشقا كىرىشىدۇ.

قۇشلارنىڭ چېتىشىش شەكىللىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مۇت-
لەق كوپ ساندىكى قۇشلار بىر ئەركەك، بىر چىشى بويىچە
جۈپلىشىپ چېتىشىدۇ. قارچۇغا، مۇشۇك ياپىلاق، لەگلەك،
قوشماق ئۆدەك، تۇرنا، ئاققۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەركەك - چىشى-
سى ئوتتۇرىسىدىكى جۈپلۈق مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بو-
لۇپ، بەزىلىرى بىرقانچە يىللار، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە
بىللە ئۆتىدۇ. كوپ قىسىم قۇشلار پۈتكۈل نەسىللىنىش مەز-
گىلىدە جۈپ بولۇپ، بالىلىرىنى بىرگە بېقىپ ئوستۇرىدۇ. بۇ
مەزگىل ئاخىرلىشىش بىلەنلا، جۈپلۈك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ
بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ياشايدۇ. سايرىغۇچى كىچىك قۇشلار-
دىن: تۇمۇچۇقلار ئەترىدى، قۇشقاچلار ئەترىدى، تورغايلار
ئەترىدىدىكى كوپ قىسىم قۇشلار مۇشۇنداق. بەزى قۇشلار
پەقەت چېتىشىپ تۇخۇم باسقىچىلا جۈپلىشىپ، ئاندىن كېيىن
بىر - بىرى بىلەن كارى بولمايدۇ، مەسىلەن: كاككۇك. يەنە
بەزى قۇشلار پەقەت چېتىشىشقىچە بولغان بىرنەچچە سائەت
ئىچىدىلا جۈپ بولۇپ كېيىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:
لاي خورەك، جەننەت قۇشى قاتارلىقلار. يەنە بەزى خىلدى-

كى قۇشلار پەقەت ئۇۋا ياساش ۋاقتىدىلا جۈپلىشىدۇ. مە-
سىلەن: سۈڭگۈچ، شاخچى تورغاي قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق.
بىر قىسىم قۇشلار بىر ئەركەك، كوپ چىشى بويىچە چىتىشىپ
نەسىللىنىدۇ. توگە قۇش، قىرغاۋۇل، چىل، چىقچىق، لاي
خورەك، چومچۇك قاتارلىقلار مۇشۇ تۈردىكى قۇشلاردۇر. بىر
چىشى، كوپ ئەركەك بويىچە چىتىشىدىغان قۇشلارمۇ بولىدۇ.
مەسىلەن، توم بارماقلىق لاي خورەك، 3 بارماقلىق بۆدۈنە قا-
تارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قالايمىقان چىتىشىدىغان قۇش-
لارمۇ بولىدۇ. چىل، بىر قىسىم جەننەت قۇشى، كاككۇك قا-
تارلىقلار ئەنە شۇنداق. چىتىشىش ۋاقتىدا، ئەركەك قۇشلار
ھەمىشە تەشەببۇسكار ۋە پائالىيەتچان بولىدۇ. چىشى قۇشلار
ئادەتتە پەقەت قىسقا سايراش ياكى باشقا ئادەتتىكى قىلىق-
لارنى كورسىتىش ئارقىلىق، رازى بولغانلىقىنى ۋە مۇناسىپ
ھالدا ماسلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. لاچىن قاتارلىق ئاي-
رىم قۇشلارنىڭ چىشىلىرى ئەركەكلىرىنى چىتىشىشقا جەلپ
قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. قۇشلار ئادەتتە يەردە، دەرەخ ئۈستى-
دە، چاتقاللار ئارىسىدا، ئۇگىلىرىدا، سۇ بويلىرىدا، سۇ ئۈستىدە،
ئىشقىلىپ خالىغان جايدا چىتىشىۋېرىدۇ. قالىغاچلار ھەتتا ھاۋا-
دىمۇ چىتىشىۋېرىدۇ. قالغاچ، قۇشقاچلار ئەترىدىدىكى كوپلى-
گەن تۈردىكى قۇشلار ئۇۋىلىرىدا چىتىشىدۇ. بەزى قۇشلار
ئۇۋا ياساشتىن بۇرۇن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا چىتىشىۋالىدۇ.
ئۇددىكىلەر، تۇرنىلارنىڭ جۈپلىشىش ۋاقتى بۇرۇنراق بولغىنى
ئۈچۈن ئۇلار قىش پەسلىدىلا چىتىشىشقا باشلايدۇ.

## 3. ئۇۋا ياساش

ئۇۋا ياساش، قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىش مەزگىلىدىكى روروۇر تەييارلىق پائالىيىتى بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى قۇش باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مۇۋاپىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان "بوشۇك" ھىساپلىنىدۇ. ئەركەك، چىشى قۇشلار ئۇۋا رايونلىرىنى تاللاپ بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن جىددى ھالدا ئۇۋا ياساشقا كىرىشىدۇ. ئادەتتە قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىنى يوشۇرۇنراق ئورۇنلارغا ياسايدۇ. بەزىلىرى دەرەخنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا، دەرەخ ئاچىلىرىغا ياسىسا، بەزىلىرى قويۇق ئوت - چۆپلۈكلەر ئارىسىغا، دەرەخ، تاملارنىڭ توشۇك - كاماللىرىغا ياسايدۇ. يەنە بەزى قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىنى دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويىدۇ. بەزىلىرى بولسا، سۇ ئۈستىگە لەيلىتىپمۇ ياسايدۇ. ئوخشاشمىغان تۈردىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرىنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى، چوڭ - كىچىكلىكى، "قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى" ۋە ئۇۋا ياسايدىغان ئورۇنلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە بىرقەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلدىن ئىبارەت:

(1) تېيىز ئۇۋا. بەزى قۇشلار يەر ئۈستىدىكى تېيىز ئورەكلەردىن ئۇۋا ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېتىز تورغىيى بۆدۈنە، لايخورەك قاتارلىقلارنىڭ ئۇۋىسى ئېتىز - دالىلاردىكى تېيىز ئورەكلەرگە يوپۇرماقلارنى سېلىش بىلەن ئاددىلا ياسالغان بولىدۇ.

(2) لاي ئۇۋا. قالغاچ، سېرىق قالغاچ قاتارلىقلار لايدىن

ئۇۋا ياسايدۇ. ئۇلار ئۇۋا ياسايدىغان ئورۇننى تاللاپ بېكىت-كەندىن كېيىن، بىر جۈپ قالغاچنىڭ ھەر ئىككىسى ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدىن بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن لاي نو-شۇپ كېلىپ ئۇۋىسىنى ياساپ پۈتتۈرىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە پە-شايۋان، تورۇسلاردىكى لىم ياغاچلارغا ئۇۋا ياساشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى بەئەينى يېرىم چىنىنى تامغا چاپ-لاپ قويغاندەك شەكىلدە بولىدۇ.

(3) دەرەخ كامىرىدىكى ئۇۋا. تومۇر تۇمشۇق، ھوپۇپ، قوشماق ئۈدەك، شاتۇتى، كەركىدان قۇش قاتارلىق نۇرغۇن قۇشلار دەرەخلەرنىڭ تەبىي كامالىرىغا ئۇۋا ياسايدۇ. تومۇر تۇمشۇق بۇنداق ئۇۋا ياساشنىڭ "ئۇستىسى" ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆز تۇمشۇغى بىلەن دەرەخ غولىنى كولاپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا كەڭلىگى 7 — 8 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇغى 12 — 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇۋىسىنى ياساپ پۈتتۈرىدۇ. ئەگەر ياسىغان ئۇۋىسى ئۆزىگە ياقماي قالسا، قايتىدىن بىرنى ياسايدۇ. بۇمۇ ياراماي قالسا، يەنە بىرنى ياسايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ياساپ ئىشلەتمەي تاشلىۋەتكەن ئۇۋىسى باشقا قۇشلار ئۈچۈن تەبىي ئۇۋا بولۇپ قالىدۇ.



11 - رەسىم: تومۇر تۇمشۇق-نىڭ دەرەخ غولىنى كولاپ ياسىغان ئۇۋىسى

ھوپۇپلەرمۇ ئەنە شۇنداق تەييار ئۇۋىدىن پايدىلىنىپ ئۇ-

ۋا ياسايدۇ. ئۇ ئۇۋا ئىچىدە تازىلىقتا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە،
ئۇۋىسىدىن ناھايىتى سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىسسىق
بەلۋاغلاردا ياشايدىغان بىر خىل چوڭ قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ
تۇمشۇغى كەركىداننىڭ مۈڭگۈزىدەك يوغان كېلىدۇ. شۇڭا
ئادەتتە ئۇ كەركىدان قۇش دەپ ئاتىلىدۇ. كەركىدان قۇش-
نىڭ ئۇۋىسى ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. ئۇلار دەرەخ كا-
ۋاكلىرىغا ئۇۋا ياسايدۇ. چىشى قۇش تۇخۇم تۇغقاندىن كې-
يىن، ئۇۋىدىن قوپماي تۇخۇم باسىدۇ. ئەركەك قۇش لاي -
پاخاللار ياكى مىۋە شۇپۇكلىرى بىلەن ئۇۋىنىڭ ئەتراپىنى
چاپلاپ، تۇمشۇغى پاتقىدەكلا تۆشۈك قالدۇرۇپ، قالغان جاي-
نى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىدۇ. چىشى قۇش تاكى باللىرى تۇخۇم-
دىن چىقىپ، خېلى چوڭايغانغا قەدەر ئۇۋىسىدىن چىقماي جىم
ياتىدۇ. ئەركەك قۇش ئوزۇق - تۈلۈك ئىزدەپ كېلىپ، كىچىك



12 - رەسىم: كەركىدان قۇشىنىڭ دەرەخ كاۋىكىدىكى ئۇۋىسى

توشۇكتىن چىشى قۇشقا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇنى تەمىنلەيدۇ. چىشى قۇشنىڭ مايا قىلىرىنىمۇ ئاشۇ توشۇكتىن سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ.

كەركىدان قۇشنىڭ كۆشەندىلىرى توشۇككە يېقىن كەلسىمۇ ئەمما چىشى كەركىدان قۇش ئوزىنىڭ ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك تۇمشۇغى بىلەن مۇداپىيە كورگىنى ئۇچۈن ئۇۋا ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. چىشى كەركىدان قۇش بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئۇۋا ئىچىدە سولىنىپ يېتىش جەريانىدا تۈك تاشلاپ، سەمىرىپ چىرايلىق بولۇپ قالىدۇ. چىشى قۇش ئۇۋىدىن ئۇزى چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇۋا ئاغزىنى بىرقانچە ۋاقىت چاپلاپ قويۇپ، ئوزلىرى ئوزۇقلۇق توشۇپ كېلىپ باللىرىنى باقىدۇ. باللىرى رەسمى چوڭايغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇۋا ئاغزىنى ئوزى پۇتۇنلەي ئېچىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ.

(4) توشۇك ئۇۋا. ئاق قۇشقاچ، تاغ قۇشقىچى، تاغ قاغىسى، ساي قالغىچى قاتارلىق كوپلىگەن قۇشلار تام توشۇكلىرى، لەمپە - توروس ئارىلىقلىرى، قورام تاشلار ئارىلىقلىرى قاتارلىق جايلاردا ئۇۋا ياساشنى ياخشى كورىدۇ. ساي قالغىچى ئوت نەچچىسى ياكى يۈز نەچچىسى بىرلىشىپ، بىرەر تىك يارلىقنى تېپىپ توشۇك كولاپ ئۇۋا ياسايدۇ.


بۇنداق توشۇكلەردە ئۇۋا ياسايدىغان قۇشلارنىڭ بەزىلىرى باشقا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن "ھەمكارلىشىپ" بىر ئۇۋىدىن ئورتاق پايدىلىنىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: پىپچەك تورغاي بىلەن ئۇزۇن قۇيرۇق چاشقان، قاشلىق تۇمۇچۇق بىلەن ئىگىز تاغ سوغۇرى بىر توشۇكتىن ئورتاق پايدىلىنىپ ئۇۋا ياسايدۇ.



13 - رەسىم: ساي قالغىچىنىڭ تىك يارلىقتىكى ئۇۋىسى

(5) چاڭگا ئۇۋا. بۇنداق ئۇۋا دەرەخلەرنىڭ شاخ - ئا-چىلىرىغا ھەر خىل ئوت - چوپ غوللىرى، دەرەخلەرنىڭ ئۇش-شاق شاخلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تىزىپ ياسىلىدۇ. ئاپتو-نوم رايونىمىزدا ياشايدىغان قاغا، سېغىزخان، پاختەك، تۇرۇل-غا، شاخچى تورغاي قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى مۇشۇ تۈر-گە كىرىدۇ.

قاغا بىلەن سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسى قارىماققا ئوخشاپ كې-تىدۇ. ئەمما، سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسى ئاستى تەرەپتىن قارىسا قۇرۇق شاخلاردەك تۇرغان بىلەن قاغىنىڭ ئۇۋىسىغا قارىغاندا سېپتەرەك ياسىلىدۇ. سېغىزخان قۇرۇق شاخلار ئۈستىگە قۇ-رۇق ئوت - چۆپلەرنى قويۇپ، لاي - توپا بىلەن يېپىشتۇر-غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مامۇق پەي، يۇڭ قاتارلىق يۇمشاق نەرسىلەرنى قويۇپ ئۇۋا ياسايدۇ. چىشى سېغىزخان تۇخۇم باسقاندىن كېيىن، ئەركىكى كېلىپ ئۈستىگە ئۇششاق



14 - رەسىم: سېغىزخاننىڭ چاڭگىسى

شاخلارنى تاشلاپ يىپىپ قويىدۇ. ئەمما قاغا ئۇنچىۋالا تۇ-
جۇپلەپ ئىشلىمەيدۇ.

(6) توقۇلما ئۇۋا. سايرىغۇچى قۇشلارنىڭ كوپ قىسمى ئۆز ئۇۋىلىرىنى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا خۇددى سۇۋەت توقىغاندەك ئوت - چوپ غوللىرى، يىلتىز - تالالار، يىپ - قىل قاتارلىقلار بىلەن توقۇپ ياسايدۇ. شاخچى تورغاينىڭ بۇنداق توقۇپ ياسىغان ئۇۋىسى بىر قاچىغا ئوخشايدۇ. قۇر-غۇيىنىڭ بەئەينى بىر چوڭ چىنىگە ئوخشايدۇ. جەنۇپتىكى رايونلاردا ياشايدىغان يوپۇرماق تىككۈچ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ ئۇۋا توقۇش تېخنىكىسى تېخىمۇ يۇقۇرى بولۇپ، بانان قاتارلىق چوڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ يو-پۇرماقلىرىنى تۇمشۇغى بىلەن تىكىپ ئۇۋا ياسايدۇ.

(7) ئاسما ئۇۋا. بەزى
قۇشلار ھەر خىل تالالار،
ئوت - چۆپ يىلتىزلىرى
بىلەن خالتىغا ئوخشاي-



16 - رەسىم: توقۇمىچى قۇشنىڭ ئاسما ئۇۋىسى



15 - رەسىم: يوپۇرماق تىككۈچى قۇشنىڭ دەرەخ يوپۇرمىقىنى تىكىپ ياسىغان ئۇۋىسى

دىغان ئۇۋىنى توقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ. توقۇمىچى قۇشنىڭ ئۇۋىسى ئەنە شۇنداق ياسالغان بولۇپ بەئەينى باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان نوگاي قاپاقتەك، شامال، بوراندىمۇ ھېچنەرسە بولماي ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ.

(8) يېپىق ئۇۋا. ئىسسىق بەلۋاغلاردا ئىلان، كەسلەنچۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇ جايلاردا ياشايدىغان قۇشلار ئۇۋىلىرىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇۋىلىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويىدۇ. بۇ يېپىق ئۇۋا دەپ ئاتىلىدۇ.

(9) لەيلىمە ئۇۋا. دەريا، كۆل، دېڭىز بويلىرىدا ياشايدى-

غان بەزى قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى سۇ ئۈستىدە لەيلىتىپ ياسىلى-
دىغانلىقتىن، شۇنداق ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ساقا قۇش ئۇۋا
ياسىغاندا، سۇ بويىدا ئۆسكەن قومۇشلارنى ئېگىپ بىر-بىرى-
گە تۇتاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ئوت-چۆپ
غوللىرى، قومۇش يوپۇرماقلىرىنى تىزىپ قويۇپ پۇختا ئۇۋا
تەييارلايدۇ. بۇ خىل ئۇۋا سۇنىڭ كوتىرىلىش-چۈشۈشىگە
ئەگىشىپ كوتىرىلىپ-چۈشۈپ تۇرىدۇ ھەم باشقا ياقىلارغا
لەيلەپ ئېقىپ كەتمەيدۇ. يىراقتىن قارىغاندا، سۇ ئۈستىدە
لەيلەپ تۇرغان بىر دوۋە ئوت-چوپتەك كورۈنگەچكە، باشقا
كۈشەندىلەر ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايدۇ.

(10) يېيىشكە بولىدىغان ئۇۋا. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبە-
دىكى دېڭىز بويلىرىدا، ھىندونېزىيە، مالايا ئاراللىرىدا ياشاي-
دىغان سېرىق قالغاچنىڭ ئۇۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل
قالغاچ ئۇۋىسىنى شولگەي سۇيۇقلۇغى بىلەن ھەرخىل دېڭىز ئو-
سۈملۈكلىرىنى يېپىشتۇرۇپ ياسايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەر-
كىۋىدە كوپ خىل ۋىتامىن، قەنت، ئاقسىل قاتارلىق ئوزۇق-
لۇق ماددىلار بولىدۇ. شۇڭا ئاشۇ رايوندىكى كىشىلەر ئۇنى
بەدەننى كۈچەيتكۈچى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستىمال قىلىدۇ.

قۇشلارنىڭ يېتىلىش ۋاقتى ۋە يېتىلگەن قۇشلارنىڭ كۈيـ
نەش، جۈپلىشىپ، نەسىللىنىش ۋاقتى ئوخشاش بولمىغانلىق-
تىن، ئۇلارنىڭ ئۇۋا ياساش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.
مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ئىگىزلىگىدىكى بىر خىل بۇركۇت،
يەر-زېمىننى ئاق قار، كوك مۇزلار قاپلىغاندا ئۇۋا ياساشقا
كىرىشىدۇ. چۈنكى بۇ خىل بۈركۈت باللىرىنىڭ ئوسۈپ يېتىلىش
ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، قىش پەسلىدە ئۇۋا ياساشقا

كىرىشىمۇ. 4 ـ ئايلاردا بالا چىقىرىدۇ. بالىلىرىنىڭ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان ۋاقتى دەل قارلارنىڭ ئېرىشكە باشلىغان ۋاقتى بولۇپ، قار ئاستىدا قالغان ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئوزۇق قىلىپ بالىلىرىنى باقىدۇ. 9 ـ ئايلارغا بارغاندىمۇ، ئۇنىڭ بالىلىرى تېخى ئۇۋىدىن ئايرىلالمايدۇ. قايچا تۇمشۇق تورغايلار قىش پەسلىدە بالا چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل تورغايلار يېڭىنە يوپۇرماقلىق قارىغايلىقلاردا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن قىش پەسلىدە قارىغاي ئۇرۇقلىرى مول بولغان شارائىتتىن پايدىلىنىپ بالىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىۋالىدۇ. ئۇۋا ياساشنى ئادەتتە چىشى قۇشلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. چىشى قۇشلار ئۇۋا ياساۋاتقاندا، ئەركەك قۇشلار دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ سايراپ بېرىدۇ. ھەر ئىككىسىمۇ بىرلىكتە ئۇۋا ياسايدىغان بەزى قۇشلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: قالغاچ، سوپى تورغاي، تۆمۈرتۇمشۇق قاتارلىقلار. قاغىلار ئۇۋا ياسىغاندا، ئەركەكلىرى "قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى" نى توشۇشقا، چىشىلىرى "قۇرۇلۇش قىلىش" قا مەسئۇل بولىدۇ. يەنە ئۇۋا ياسىمايدىغان ياكى ئۇۋا ياساش ئىقتىدارىنى يوقاتقان قۇشلارمۇ بولىدۇ. كەپتەر، توخۇ قاتارلىق ئۆي قۇشلىرى ئۇۋا ياساش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، سۈنئىي ياساپ بېرىلگەن ئۇۋىدىن پايدىلىنىپ تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىدۇ. تۆگە قۇش ئۇۋا ياسىمايدىغان قۇش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇملۇقلارغا تۇخۇم تۇغىدۇ. نۇرغۇن دېڭىز قۇشلىرى قورام تاش ئارىلىرىغا ياكى دېڭىز ئاراللىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە تۇخۇم تۇغۇزىدۇ. كاككۇكمۇ ئۇۋا ياسىمايدىغان قۇشتۇر. كاككۇك ئادەتتە 12 — 20 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەر بىر تۇخۇمنى تۇيدۇرماستىن باشقا

قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا يوق پەرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپىرىپ سېلىپ قويىدۇ. كۆپىنچە قۇشلار بۇنى پەرق قىلالمىغانلىقتىن بېسىپ يېتىشتۈرىدۇ. كاككۇك بالىسى باشقا قۇشلارنىڭكىدىن بالدۇر يېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تۇخۇمدىن بالدۇر چىقىدۇ. چوڭ-گىيىشىمۇ تېز بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇ-لارنىڭ ئۇۋا ياسىغاندا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللىرىمۇ ئوخ-شاش بولمايدۇ. داللاردا، ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان قۇشلار قۇرۇق ئوت-چۆپلەر، دەرەخ شاخلىرىنى ماتېرىيال قىلىدۇ. قومۇشلۇقتا ياشايدىغانلىرى قومۇشنى ماتېرىيال قىلىدۇ. دېڭىز بويلىرىدا ياشايدىغانلىرى ئالگا، يوسۇن قاتارلىقلارنى ماتېرى-يال قىلىپ ئۇۋا ياسايدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇۋا ياساشتىكى سۈر-ئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئادەتتىكى قۇشلار 5—4 كۈندىلا بىر ئۇۋىنى ياساپ پۈتتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ھاۋا ئۆزگىرىپ ئۇۋا ياساشقا تەسىر يەتسە ئۇۋىنىڭ ياسىلىپ پۈتكۈزۈلۈشى ئارتۇغا سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن. دەسلەپ يېتىلىپ ئۇۋا ياسىغان قۇشلار ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىشى مۇمكىن. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئۇۋا ياسىغاندا، ئۇۋا ياساش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، تېز پۈتتۈرىدىغان بولىدۇ. ئوخشاش بىر تۈردىكى قۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايوندىكى ئۇۋا ياساش سۈرئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: مېكسىكىدا بىر خىل چۈشۈنخور تورغاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى ياساپ پۈتتۈرۈشى ئۈچۈن 24 كۈن كېتىدۇ. ئاشۇ تورغاينىڭ شىمالىي ئامېرىكىدا ئۇۋا ياسىشى ئۈچۈن 12 كۈنلا ۋاقىت كېتىدۇ. سوغاق بەلۋاغلاردا ياشاي-دىغان قۇشلارنىڭ "قۇرۇلۇش" قىلىشى قىيىن بولغىنى ئۈ-


چۈن، ئۇلار دائىم كونا ئۇۋىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئىسسىق بەلۋاغلاردا ياشايدىغان قۇشلارنىڭ ئۇۋا ياسىشىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. سېرىق قالغاچنىڭ ئۇۋا ياسىشى ئۈچۈن 40 ـــ 35 كۈن كېتىدۇ. ئافرىقىدا ياشايدىغان لەگلەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ بىر ئۇۋىنى ياساپ يۈتتۈرۈشى ئۈچۈن 4 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنىدۇ.

## 4. تۇخۇم تۇغۇش

قۇشلار ئۇۋا ياساپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇم تۇغۇشقا باشلايدۇ. ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ. توگە قۇشنىڭ تۇخۇمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇغى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىگى 13 ـــ 12 سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى 1.5 كىلوگىرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. ھەرە قۇشىنىڭ تۇخۇمى ئەڭ كىچىك بولۇپ ئۇنىڭ چوڭلۇغى پۇرچاقتەك بولىدۇ.

تەدرىجى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمىدىن خېلىلا تەرەققى قىلغان ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. قۇش تۇخۇمىنى بىر قەۋەت قاتتىق شاكال ئوراپ تۇرىدۇ. تۇخۇم شاكىلى ھاكلىق (كالتسىيلىق) ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شاكال ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان توشۇكچىلەر بولىدۇ. شاكال ئىچىدە ئىككى قەۋەت نېپىز پەردە بولىدۇ. تۇخۇمنىڭ پايىنىگى تەرىپىدە پەردە بىلەن ئاجرىلىپ تۇرغان بوشلۇق ـــ ھاۋا بوشلۇغى بولىدۇ. بۇ بوشلۇقتىكى ھاۋا تورەلمىنىڭ ئۇسۇش مەزگىلىدىكى

نەپەس ئېلىشىنى تەمىنلەيدۇ. پەردە ئىچىگە تۇخۇم ئېقى ۋە تۇخۇم سېرىغى جايلاشقان. تۇخۇم سېرىغىدا ئاق رەڭلىك يۇمۇلاق نۇقتا بولۇپ، ئۇ تورەلمە تەخسىسى دەپ ئاتىلىدۇ. تۇخۇم سېرىغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇخۇم يىپچىسى بولىدۇ.




17 - رەسىم:

A. قۇش تۇخۇمىنىڭ تۈزۈلۈشى

(1) تۇخۇم ئېقى، (2) تۇخۇم سېرىغى، (3) تۇخۇم يىپچىسى، (4) تورەلمە تەخسىسى، (5) تۇخۇم پەردىسى، (6) تۇخۇم شاكىلى، (7) هاۋا بوشلۇغى،

B. تۇخۇمنىڭ تۇخۇم يولىدا پىشىپ يېتىلىش جەريانى

(1) بالىياتقۇ، (2) چىقىرىش، نەسىللىنىش بوشلۇغى، (3) تۇخۇم يولى ئېغىزى، (4) تۇخۇمدان.

تۇخۇم قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش ھوجەيرىسىدۇر. قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش سىستېمىسى بولۇپ، نەسىللىنىش ئەزالىرى باشقا


هايۋانلارغا ئوخشايدۇ. ئەركەك قۇشلاردا بىر جۈپ ئۇرۇقدان بولۇپ، بورەكنىڭ يېنىغا جايلاشقان. ئۇرۇقدانىدا ئىشلىنىپ چىققان ئۇرۇق (سپېرما) ئۇرۇق يولى ئارقىلىق نەسىللىنىش بوشلۇقىغا ئەۋەتىلىدۇ. چىشى قۇشلاردا بىر دانىلا تۇخۇمدان بولۇپ بەدىنىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان، تۇخۇم يولىمۇ بىر بولىدۇ. ئوڭ تەرىپىدىكى تۇخۇمدان ھەم تۇخۇم يولى چېكىنىپ رودىمېنتلىشىپ كەتكەن. تۇخۇمداندىن ئىشلىنىپ چىققان تۇخۇم، تۇخۇم يولى ئېغىزى ئارقىلىق تۇخۇم يولىغا كىرىدۇ. (ئەگەر تۇخۇم يولىغا ئۇرۇق كىرگەن بولسا، ئىككىسى قوشۇلۇپ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى شەكىللەندۈرىدۇ). ئاندىن تۇخۇم يولىدىن بالىياتقۇغا ئۆتىدۇ. تۇخۇم يولى ھەم بالىياتقۇدا تەدرىجى چوڭىيىپ، چىقىرىدىش، نەسىللىنىش بوشلۇقىغا چۈشۈپ ئاخىرىدا سىرتقا چىقىرىلىدۇ. تۇخۇم قۇش تېنىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەنلىكتىن ھۈجەيرىلەرنىڭ يولۇنۇشى توختاپ، تورەلمە ئۆسۈشتىن توختايدۇ.

قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرى كۆپىنچە سوقىچاق شەكىلدە بولىدۇ. مۇشۇك ياپىلاق، تومۇر تۇمشۇق، ياۋا كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنىڭ تۇخۇمى يۇمىلاق بولىدۇ. لايخورەكلەرنىڭ تۇخۇمى كونۇسسىمان شەكىلدە بولىدۇ. قۇش تۇخۇملىرىنىڭ رەڭگى كۆپىنچە قۇشلار تۇخۇم تۇغىدىغان تەبىئىي شارائىت بىلەن مۇناسىپ ھالدا ماسلاشقان، ئۆز كۈشەندىلىرىدىن يوشۇرۇشقا پايدىلىق رەڭلەردە بولىدۇ. مەسىلەن: تومۇر تۇمشۇق قاتارلىق دەرەخ كاماللىرىدا ئۇۋىلايدىغان قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئاق رەڭدە، قومۇشلۇق تورغىيىنىڭ تۇخۇمى سۇس يېشىل رەڭدە، تۇمۇچۇقلارنىڭ تۇخۇمى كوكۇش چىپار رەڭدە، دۇغدىق-

نىڭ تۇخۇمى قىزغۇچ رەڭدە بولىدۇ.

ھەر خىل قۇشلارنىڭ تۇغىدىغان تۇخۇملىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەڭ ئاز بولغاندا بىردىن، ئەڭ كوپ بولغاندا يىگىرمىدىن كوپ بولىدۇ. دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئاراللاردا ياشايدىغان قالغاچلار، جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشايدىغان پىنگۋىن قاتارلىقلار ئادەتتە بىردىن تۇخۇم تۇغىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇلار باشقا ھايۋانلار ياكى كۇشەندىلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىمىغانلىقتىن، ئوخشاشلا كوپىيىۋېرىدۇ. كەپتەر، پاختەك، قۇرغۇي، چۇغۇندەك قاتارلىقلار ئىككىدىن تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇمۇچۇق، تورغاي، قارا قۇشقاچ قاتارلىق مۇتلەق كوپ قىسمىدىكى سايرىغۇچى قۇشلار ئۇچتىن بەشكىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. قۇشلار بىر يىلدا بىرلا قېتىم تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقارمايدۇ. ئاق قۇشقاچتەك بىر يىلدا بىرقانچە ئۇۋا تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىدىغان قۇشلار ئاز ئەمەس. بەزى قۇشلار تېخى ئوزى تۇققان تۇخۇمدىن بىرەرسى يوقاپ كەتسە، ئۇنى دەرھال تولۇقلاپ تۇغۇشنىمۇ بىلىدۇ. قومۇشلۇق تورغىيى ئادەتتە بىر قېتىمدا ئۇچتىن 6 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ كەتسە، ئۇنىڭ تولۇقلاپ تۇغىدىغان تۇخۇمىنىڭ سانى 10—11 گىچە يېتىپ بارىدۇ. كۇزىتىشتىن قارىغاندا، ياۋا ئودەكلەرنىڭ بىر ئۇۋا تۇخۇمىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر ئۇۋا تۇخۇمنى تولۇقلاپ تۇغىدىكەن. قۇش تەتقىقاتچىلىرى توقۇناق قاغىغا سۇنئىي غىدىقلاش تەجرىبىسىنى ئىشلىگەندە، ئۇنىڭ بىر ئۇۋىدا تۇغىدىغان تۇخۇمى 15 كىچە يېتىپ بارغان. تومۇر تۇمشۇققا مۇشۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەندە، ئۇ 73 كۇندە 71 تۇخۇم

تۇققان، بۇ تەجرىبە نەتىجىسىدىن قارىغاندا. ھەر خىل پاي-
دىلىق قۇشلارنى سۇنئى يول بىلەن ئۇنۇملۇك تۇردە كۆپەي-
تىش تامامەن مۇمكىن.




18- رەسىم: ھەر خىل قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى ۋە تۇخۇمى
A. پاختەك ئۇۋىسى ۋە تۇخۇمى.
B. چۈمگەك ئۆدەك ئۇۋىسى ۋە تۇخۇمى.
C. تورغاي ئۇۋىسى ۋە تۇخۇمى.

قۇشلارنىڭ ھەر بىر ئۇۋىدا تۇغىدىغان تۇخۇملىرىنىڭ سا-
نى، ھەر خىل پەسىللەردە ئوخشاش بولمايدۇ. 1800 دانە
تاغ قۇشقىچنىڭ ئۇۋىلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قا-
رىغاندا، باش باھار (4-ئاي) دىكى بىر ئۇۋىدا ئوتتۇرا
ھىساپ بىلەن 11—10 دانە تۇخۇم بولسا، 5-ئايدىن 6-
ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، بىر ئۇۋىدا ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن
6—5 دانە تۇخۇم بولىدىكەن. يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تۇغىدى-
غان تۇخۇملىرىنىڭ سانى ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىرىنىڭ ئاز-كۆپ-
لۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇش
تۇخۇملىرىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى، ھاۋا كىلىماتى بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قۇرغاقراق بولغان يىللىرى ئازراق،
ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆپرەك بولغان يىللىرىمۇ ئازراق بو-

لىدىكەن. يەنە بىر ئۇۋىدىكى تۇخۇمىنىڭ ئاز-كوپ بولۇشى، قۇشنىڭ يېشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قۇشلار ئۇۋا ياساپ بولۇپلا تۇخۇم تۇغۇپ بېسىشقا باشلايدۇ. يەنە بەزى قۇشلار بىرنەچچە ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن ئاندىن تۇخۇم تۇغۇشقا باشلايدۇ. قۇشلار ئادەتتە تاڭ سەھەردە ياكى كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشكەن مەزگىلدە تۇخۇم تۇغىدۇ. كاككۇك بولسا دەل چۈش مەزگىلدە تۇخۇم تۇغىدۇ. كەركىدان قۇش ھەر 7—5 كۈن ئوتكەندە بىردىن تۇخۇم تۇغىدۇ.

## 5. تۇخۇم بېسىش ۋە باللىرىنى بېقىش

تۇخۇم بېسىش ۋەزىپىسىنى كوپىنچە چىشى قۇشلار ئوز ئۈستىگە ئالىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى قۇشلار، مەسىلەن: چىپار لايخورەك، ئۈچ بارماقلىق بۈدۈنە قاتارلىقلارنىڭ ئەركىكى تۇخۇم باسىدۇ. تاغ قۇشقىچى، تومۇر تۇمشۇق، شىنجاڭ كوك كەپتىرى (ياۋا كەپتەر) قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئەركەك، چىشىلىرى نوۋەت بىلەن تۇخۇم باسىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەركەك، چىشى قۇشلارنىڭ سىرتقى كورۈنۈشى روشەن ھالدا پەرقلەنمەيدىغان قۇشلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا تۇخۇم بېسىشقا قاتنىشىدىكەن. سىرتقى كورۈنۈشى روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغان قۇشلارنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى سۇسراق بولغانلىرى تۇخۇم بېسىش ۋەزىپىسىنى ئوز ئۈستىگە ئالىدىكەن. ئافرىقا توگە قۇشي تۇخۇم

باسقاندا. رەڭگى تارىراق بولغان ئەركەك قۇش كېچىسى، رەڭگى قوڭۇرراق بولغان چىشى قۇش، كۈندۈزى تۇخۇمنى بېسىپ ياتىدىكەن. بۇنداق بولغاندا تەبىي هالدا "قوغدىنىش رەڭگى" شەكىللىنىپ، تۇخۇم بېسىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ تۇخۇم بېسىشنى باشلاش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يىرتقۇچ قۇشلار، ئۆكە، يامغۇر قالغىچى قاتارلىق بەزى قۇشلار بىرىنچى تۇخۇمنى تۇغۇپلا تۇخۇم بېسىشقا كىرىشىدۇ. بۇنداق بولغاندا، باللىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتى بىردەك بولماي ئىلگىرى-كېيىن بولىدۇ. تومۇر تۇمشۇق، چىقچىق، توگە قۇشى قاتارلىق بەزى قۇشلار ئاخىرقى تۇخۇمنى تۇغۇپ بولۇشتىن ئىلگىرىلا تۇخۇم بېسىشقا باشلايدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قۇشلار ھەممە تۇخۇمنى تۇغۇپ بولۇپ، ئاندىن تۇخۇم بېسىشنى باشلايدۇ. قۇشلار تۇخۇم باسقاندىن كېيىن، باللىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش مۇددىتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە كىچىك تىپتىكى قۇشلارنىڭ 13 - 15 كۈن، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇشلارنىڭ ئۈچ - تۆت ھەپتە، يەنە 25 - 30 كۈن، چوڭ قۇشلارنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. مەسىلەن: قالغاچ، بۇلبۇل، تاغ قۇشقىچى، تورغاي قاتارلىق قۇشلار بىر ئۇۋىدا ئۈچتىن بەشكىچە تۇخۇم بېسىپ 12 - 14 كۈندە باللىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. پاختەك، قىرغاۋۇل، بۇدۇنە قاتارلىقلارنىڭ 20 كۈن ئەتراپىدا باللىرى تۇخۇمدىن چىقىپ بولىدۇ. شىنجاڭ كوك كەپتىرى ھەر بىر ئۇۋىدا ئىككىدىن تۇخۇم باسىدۇ، 17 كۈندە باللىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن 25 - 30

كۈن ئارىلىقتا تۈك - پەيلىرى تولۇقلىنىپ بولغاندا، ئانا كەپتەر يېڭىۋاشتىن بىر ئۇۋا تۇخۇم بېسىشقا باشلايدۇ. قاغا بىر ئۇۋىدا 6 - 4 كىچە تۇخۇم بېسىپ، 18 كۈندە بالىسى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. چۈمگەك، غازلار بىر ئۇۋىدا 10 - 2 گىچە تۇخۇم بېسىپ، 30 - 28 كۈندە بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. توگە قۇشى بىر ئۇۋىدا 16 - 12 گىچە تۇخۇم بېسىپ، 32 كۈندە بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قۇش بالىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى، قۇش تۇخۇمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان چوڭ پۇتلۇق قۇش (ماكانلىق قۇش) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇخۇم بېسىش، بالىلىرىنى بېقىشى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل قۇشنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ۋە بېسىش ئادىتى تولىمۇ قىزىقارلىق: يېڭى زېلاندىيىدە ياشايدىغان چوڭ پۇتلۇق قۇش نەم ئورمانلىقلاردا چىرىگەن شاخ-شۇمبىلار، يوپۇرماق، لەش قاتارلىقلارنى يىغىپ توپلاپ، دىامېتىرى 12 - 10 مېتىر، ئېگىزلىگى 12 - 10 مېتىر كېلىدىغان توپا دۆۋىسى ياسايدۇ. ئاندىن بۇ توپا دۆۋىسىگە بىرنەچچە يەردىن تۆشۈك ئېچىپ قويىدۇ. چىشى قۇش هەر بىر تۆشۈككە بىردىن تۇخۇم تۇغۇپ، تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىدۇ. بۇنداق توپا دۆۋىسى هەر خىل ئورگانىك ماتېرىياللاردىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، باكتېرىيەلەرنىڭ كۆپىيىشىگە قولايلىق بولىدۇ. هەمدە دۆۋىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناهايىتى تېز-

لىكتە 39°C ـ 38 قا كوتىرىلىپ بۇ تېمپېراتۇرا داۋاملىق
مۇقىم ھالەتتە ساقلىنىدۇ. تۇخۇم بار توشۇكنىڭ ئۈستى تە-
رىپىمۇ قېلىن بولغىنى ئۈچۈن، تۇخۇم ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يې-
تەرلىك تېمپېراتۇرا ئاستىدا تۇرىدۇ. بۇنداق چوڭ بىر دو-
ۋىنى تەييارلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال كېتىدۇ. بۇ ئې-
غىر ۋەزىپىنى ئەركەك قۇش ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىرنەچ-
چە ئاي جاپالىق بىلەن ئىشلىگەندىن كېيىن ئاندىن "قۇرۇ-
لۇش ۋەزىپىسى" نى تاماملايدۇ. بۇ خىل قۇشنىڭ تۇخۇمى
چوڭ بولغانلىقتىن، توپا دوۋىسى ئىچىدىكى تەبىئى تېمپېرا-
تۇرا شارائىتىدا، بالىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشى ئۈچۈن
ئىككى ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەركەك قۇش توپا
دوۋىسى يېنىدا كېچە ـ كۈندۈز ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، ھەتتا
دائىم ماتېرىيال توشۇپ كېلىپ دوۋىنى "رېمونت" قىلىپ
تۇرىدۇ. بالىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتى ئاز قالغاندا
ئاندىن توشۇكنىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ. بالىلىرى تۇخۇمدىن چى-
قىپلا مۇستەقىل ھەركەت قىلالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يې-
تىلىشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ.

قۇش ئۇۋىدىلىرىنىڭ ياسىلىشى ۋە ياخشى-يامان بولۇشى، جايلاشقان
ئورنىنىڭ بالىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتىغا بىۋاستە تەسىر كور-
سىتىدۇ. نورمال شارائىت ئاستىدا، قۇش بالىلىرىنىڭ تۇخۇم-
دىن چىقىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 38°C ئەتراپىدا
بولىدۇ. تۇخۇم بېسىپ ياتقان قۇش بەدىنىنىڭ تۇخۇمغا تې-
گىپ تۇرىدىغان قىسمىنىڭ پەيلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چۈ-
شۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشى، بۇ جايدىكى قىل تومۇرلار
ناھايىتى تەرەققى تاپقان بولۇپ، ھاسىل قىلىدىغان تېمپېرا-

تۇرا يۇقۇرى بولىدۇ. قۇشلار تۇخۇم باسقاندا، بەدەن تېمپې-
راتۇرىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى ۋە باللىرى تۇخۇمىدىن
چىقىپ بولغىچە مۇقىم ھالەتتە ساقلىنىشى، قۇشلارنىڭ جىن-
سىي بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان جىنسىي ھورمۇنلارنىڭ
تەسىرىدىن بولىدۇ.

ئۇۋا ياسىمايدىغان كۆپلىگەن دېڭىز-ئوكيان قۇشلىرىنىڭ
تۇخۇم بېسىشى ئالاھىدە شەكىلدە بولىدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپتى-
كى مۇزلۇقلاردا ياشايدىغان پىنگۋىن مۇز ئۈستىدە ئۆرە تۇ-
رۇپ تۇخۇم باسىدۇ. ئۇ يەرلەردە تېمپېراتۇرا ھەمىشە نۆل-
دىن تۆۋەن 40—70°C ئەتراپىدا بولۇپ تۇرىدۇ. تۇخۇم
باسقان ئانا قۇش مۇز ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، تۇخۇمنى ئىك-
كى پۇتى ئارىلىقىغا قىسىدۇ، ئاندىن ئۇنى قورسىقىنىڭ تېرە
قاتلىقى ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، "تۇخۇم بېسىش" قا كىرىشىدۇ.
تۇخۇم قۇش بەدىنىدىكى يېتەرلىك تېمپېراتۇرا بىلەن ئىس-
سىتىلىپ مەلۇم مۇددەت ئاشۇ تەر-
قىدە بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن
بالا قۇش يېتىلىپ چىقىدۇ.

ئەگەر ئۇزۇقلىنىشقا ياكى
چارچاپ كەتكەندە دەم ئېلىشقا
توغرا كەلسە، چىشى پىنگۋىن
تۇخۇمنى يەرگە قويۇپ نېرى
كېتىدۇ. بۇ چاغدا باشقا چىشى
پىنگۋىنلەر "ياردەم" گە كې-
لىپ تۇخۇمنى نۆۋەت بىلەن
بېسىشىپ بېرىدۇ.



19-رەسىم: تۇخۇم بېسىپ
تۇرغان چىشى پىنگۋىن


قۇشلار تۇخۇمى ۋە باللىرىنى هەر خىل ئاماللار بىلەن
قوغدايدۇ. ئۆدەك، چۆمگەك ئۆدەك. ساقا قۇش قاتارلىقلار
تۇخۇم بېسىۋاتقان مەزگىلدە ئەگەر تۇخۇمنى ۋاقىتلىق قو-
يۇپ تۇرۇپ باشقا ياققا يوتكىلىشكە توغرا كەلسە، ئۇۋىدىكى
تۇخۇم ئۈستىنى مامۇق پەيلەر بىلەن يېپىپ قويىدۇ. بەزى
قۇشلار تۇخۇم بېسىپ ياتقانىدا، كۈشەندىسى ياكى باشقا
"دۈشمەن" لىرىنىڭ هۇجۇمىغا دۇچكەلسە، ئۇۋىدىكى تۇخۇم
ئۈستىدە چاپىلىشىپ جىم يېتىۋالىدۇ. تورغاي، بۆدۈنە قاتارلىق
ئېتىز - داللاردا ئوت - چۆپلۈكلەر ئارىسىدا تۇخۇم باسىدىغان
قۇشلار تۇخۇم بېسىپ ياتقاندا، بىرەر دۈشمەنلىرىنىڭ هۇجۇ-
مىغا يولۇقسا، ئالدى بىلەن ئۆزى تۇيدۇرماستىن ئۇۋىدىن
ئايرىلىپ نېرىراق بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى ئاشكار-
لايدۇ - دە، نىشانىنى بۇراپ، كۈشەندىلىرىنى ئازدۇرۇپ ئۇچۇپ
كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇۋىدىكى تۇخۇم ياكى باللىرى
خەۋپتىن ئامان قالىدۇ. لايخورەك تۇخۇم بېسىپ ياتقاندا
دۈشمەننىڭ هۇجۇمىغا يولۇقۇپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزى
تۇيدۇرماستىن ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم
چۆشۈپ، بىردەم سەكرەپ، بىردەم مېڭىپ، بىردەم سايراپ،
بىردەم يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئاخىرىدا دۈشمەننى پۈتۈنلەي ئازدۇ-
رۇۋېتىپ، ئۇۋىدىكى تۇخۇمنى ياكى باللىرىنى خەۋپتىن
ساقلاپ قالىدۇ. ئاق قۇشقاچ، تۇمۇچۇق، قارا قۇشقاچ قاتار-
لىق ئادەتتىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋىدىكى باللىرى بىرەر خەۋپكە
دۇچكەلگەندە، ئانا قۇش يېقىن ئەتراپتا تۇرۇپ "چۇقان -
سۈرەن" سېلىپ سايراپ، باللىرىنى يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈندەي-
دۇ. يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئۇۋىدىكى باللىرى بىرەر دۈشمەن-

نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ئانا قۇشلار دۈشمەنگە غەزەپ بى-
لەن ئېتىلىپ ھۇجۇم قىلىپ، بالىلىرىنى قوغداپ قالىدۇ. بەزى قۇشلار دۈشمەن ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بالىلىرىنى پۇتى بىلەن قىسقۇېلىپ ئېلىپ قاچىدۇ. سېرىق ياۋا ئۆدەكلەر دۈشمەن ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بالىلىرىنى دۈمبىسىگە ئېلىپ قاچىدۇ. توپلىشىپ ياشايدىغان قۇشلار دۈشمەن ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ئۆز توپى بويىچە بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ بالىلىرىنى قوغدايدۇ.



A

قۇش بالىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قۇشلار بالدۇر يېتىلىدىغان قۇش ۋە كېيىن يېتىلىدىغان قۇش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بالدۇر يېتىلىدىغان قۇشلارنىڭ بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىش بىلەنلا



B

20 - رەسىم:


A. چۈجە چىقىشقا ئاز قالغان تۇخۇم.

B. تۇخۇمدىن چۈجە چىقىش باسقۇچى.

كورۇش، ئاڭلاش سەزگۈلىرى يېتىلگەن بولۇپ، نىشانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنى پەي تۈك-لەر قاپلىغان بولۇپ، پەيلىرى قۇرۇش بىلەنلا ئۇۋىدىن ئاي-رىلىپ ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ئوزۇق ئىزلەشكە ماڭىدۇ.

بالدۇر يېتىلىدىغان قۇشلار قۇرۇقلۇقتا ۋە سۇدا ياشايدىغان قۇشلار ئارىسىدا ئوخشاشلا بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قۇشلاردىن توخۇ، بۆدۈنە، توگە قۇش قاتارلىقلار، سۇدا يا-شايدىغانلاردىن ئۆدەك، تۇرنا، لەگلەك قاتارلىقلار بار. كېي-ىن يېتىلىدىغان قۇشلارنىڭ بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندا ھەم قارىغۇ، ھەم گاس بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى قىپ-قىزىل بىر پارچە گۆشتىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇلار نىشانىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ھەم ماڭالمايدۇ. شۇڭا ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۇۋى-سىدا يېتىپ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشىگە مۇھتاج بولىدۇ.

ئېۋولىيوتسىيىلىك ئورنى يۇقىرىراق بولغان قۇشلارنىڭ كوپ



**21-رەسىم:** قۇش بالىلىرى ئۇۋىسىدا ئوزۇق كۈتۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا تۇرىدۇ


قىسمى كېيىن يېتىلىدىغان قۇشلار تۈرىگە كىرىدۇ. كەپتەر، قالىغاچ، پاختەك، تومۇر تۇمشۇق، كاككۇك، قۇشقاچ، تورغاي قاتارلىقلار كېيىن يېتىلىدىغان قۇشلاردۇر. يەنە بەزى قۇشلاردا ھەر ئىككى تۈرنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. مەسىلەن: بېلىق ئاغۇچ (چايكا) نىڭ بالىسى تۇخۇمدىن چىققاندا ماڭالايدۇ. بەدىنى پەيلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ.

بۇ ئالامەتلەردىن ئۇ بالدۇر يېتىلىدىغان قۇشلارغا ئوخشايدۇ. بىراق، ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ ئاتا - ئانىسىغا ئەگەشىپ ئوزۇق ئىزلەپ ياشاشقا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا ئۇۋىسىدا خېلى بىر مەزگىللەرگىچە يېتىپ ئاتا - ئانىلىرى توشۇپ بەرگەن ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىپ تەدرىجى ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ ياشاشقا باشلايدۇ. قۇشلارنىڭ بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىش بىلەنلا تۇمشۇق، پۇت بارماقلىرى ناھايىتى تېز يېتىلىدۇ ۋە ئۇۋىدىن ئايرىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تولۇق يېتىلىپ بولىدۇ. ئەمما قانات ۋە قۇيرۇغى ئۇۋىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىللەردىن كېيىن ئاندىن تولۇق يېتىلىدۇ.

قۇشلاردا بىر خىل تۇغما قابىلىيەت بولۇپ، ئاتا - ئانا قۇشلار ئۇۋىدا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدىغان بالىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرمايدۇ. كوپىلگەن قۇشلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاغزىدا يۇقۇرقى تاڭلاي قىسمىدا بىر خىل تاماق قىزىل دېغى بار بولۇپ، بۇ داغ ئوزۇقلىنىشقا نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سىرتتىن بىرەر شەپە بولسىلا، مەيلى ئۇ ئاتا - ئانىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بالا قۇشلار

دائىم ئاغزىنى ئاچىدۇ. سايرىغۇچى قۇشلارنىڭ باللىرىدا سىرتقى غىدىقلاشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ ئاغزىنى ئاچىدىغان، ئوزۇق تەلەپ قىلىدىغان تۇغما قابىلىيەت بولىدۇ. ئۇلار ئۇۋا ئەتراپىغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق فىزىكىلىق، مېخانىكىلىق غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن ئوخشاشلا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مەسىلەن: بارماق بىلەن ئۇۋىنىڭ گىرۋىكىنى بېسىپ قويسا بويىنىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئاچىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئاتا - ئانا قۇش ئوزۇق تېپىپ كېلىپ ئۇۋىنىڭ قىرغىقىغا قونغاندەك تەسىر پەيدا قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار تەرەپنى بايقىماستىن ئاسمانغا بويىنىنى سوزۇپ ئاغزىنى ئاچىدۇ. تۇخۇمدىن چىقىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەندە، ئوخشاشلا ئەھۋال بارلىققا كېلىدۇ. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قۇش باللىرى تەرەپنى پەرقلەندۈرىدىغان بولىدۇ. قولنى قايسى تەرەپتىن سوزسا، شۇ تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ ئاغزىنى ئاچىدۇ.

قۇش باللىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن 10 كۈندە ئاران كوزىنى ئاچىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ باللىرى 7—6 ھەپتىدىن كېيىن ئاران ماڭالايدىغان بولىدۇ. قۇشلار باللىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغىچە ناھايىتى نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىدۇ. بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى 19—16 سائەتلەپ ئۇچۇپ يۈرۈپ 200—100 قېتىم ئوزۇقلۇق توشۇپ كېلىپ باللىرىنى تويغۇزىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا 6 - ئايلاردا كۈندۈزى ئۇزۇن بولىدىغانلىقتىن 6 - ئايلاردا بالا چىقار-



22 - رەسىم: قۇش باللىرىنىڭ سۇنئى غىدىقلاشقا ئىنكاس قايتۇرۇشى

غان قۇشلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگىگى 20 سائەتكە يېتىپ با-
رىدۇ. مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەش ئارقىسىدا، قۇشلار ئو-
رۇقلاپ كېتىدۇ ھەمدە كەمدىن كەم سايرايدىغان بولۇپ قا-

لىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تاكى بالىلىرى چوڭ بولۇپ، ئۇۋۇ-
سىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولغىچە
ئوزۇقلاندۇرۇشنى توختىتىپ قويمايدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ بالى-
لىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇشى ئوزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسى-
لەن: لاچىن بالا بېقىش جەريانىدا، چىشى قۇش ئۇۋىسىدىن
ئايرىلمايدۇ. ئەركەك قۇش ئوزۇق تېپىپ كېلىپ چىشى قۇش
بىلەن بالىلىرىنى باقىدۇ. ئەركەك قۇش تېپىپ كەلگەن ئوزۇقنى
ئالدى بىلەن چىشى قۇشقا بېرىدۇ. چىشى قۇش ئاندىن
ئۇنى تىتىملاپ پارچىلاپ بالىلىرىغا يېگۈزىدۇ. ئەگەر بىرەر
سەۋەپ بىلەن چىشى قۇش ئولۇپ قالسا، ئەركەك قۇش با-
لىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇشنى بىلمىگەنلىكتىن، تېپىپ كەلگەن
ئوزۇقلۇقنى بەنىلا بالىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويىدۇ. ئە-
گەر بالىلىرى كىچىكرەك بولۇپ ئوزۇقلۇق (گوش) نى پار-
چىلاپ يېيىشنى بىلمىسە، ئاچلىقتىن ئولۇپ قالىدۇ. ئەگەر
بالىلىرى سەل چوڭايغان، گوشنى تىتىملاپ يېيىشنى بىلىدى-
غان بولسا، ئولۇپ قالماي قاتارغا قوشۇلىدۇ. قۇشلارنىڭ با-
لىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇشى پۇتۇنلەي تۇغما قابىلىيەتكە ياتى-
دىغان بىر خىل شەرتلىك رېفلېكىستىن ئىبارەت. تەتقىقات-
چىلار بالا بېقىۋاتقان قۇشلارغا نىسبەتەن ھەر خىل تەجرى-
بىنى ئىشلەپ كورگەندە، بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان. بەزىلەر
قۇشنىڭ ئۇۋىسىدىكى بالىلىرىنى باشقا جايغا يوتكەپ قويغان،
شۇندىمۇ قۇش يوتكەلگەن ئورۇندىكى بالىلىرىغا ئوزۇقلۇق
توشۇپ بېقىۋەرگەن. يەنە قۇش ئۇۋىسىدىكى بالىلىرىنىڭ ئور-
نىغا سۇلياۋدىن ياسالغان "بالا" لىرىنى سېلىپ قويسا، ئانا
قۇش ئوخشاشلا ئۇنىڭغا ئوزۇق توشۇپ كېلىۋەرگەن. ھەتتا

دېڭىز قالغىچىسىنىڭ ئۇۋىسىدىن بالىلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا ياكيو قويۇپ قويىسىمۇ، ئانا قالغاچ ئۇنىڭغا ئوزۇق يېگۈزۈشكە ئۈرۈنىغان.

قۇش بالىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كېيىن يېتىلىدىغان قۇشلارنىڭ بالىلىرى دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يىگەن ئوزۇقلۇقنىڭ مىقدارى ئوز بەدەن ئېغىرلىغىنىڭ %60—20 گە باراۋەر كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى چوچۇتىدىغان چوڭ ساندۇر! گەرچە قۇشلارنىڭ گەۋدىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشتىيى ناھايىتى زور بولىدۇ. تاغ قۇشقاچىنىڭ بىر كېچە-كۈندۈز يەيدىغان نەرسىسى ئوزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىغىغا تەڭ كېلىدۇ. كاككۇك بىردەر سائەتتە 100 نەچچە دانە قارىغاي قۇرۇتىنى يەۋېتىدۇ. بىر قالغاچ بىر يازدا 250 مىڭ دانە ھاشارەت يەيدۇ. قۇش بالىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارى چوڭ بولغانلىقتىن، قۇشلارنىڭ ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى ئەڭ ئۈنۈملۈك يوقىتىدىغان ۋاقتى، ئۇلارنىڭ بالا بېقىۋاتقان مەزگىلىدۇر.

قۇش بالىلىرى ئۇۋا ئىچىدە ئوسۇپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى ئانچە چىرايلىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەدرىجى ئوسۇپ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پەيلىرى تولۇقلىنىپ، ئاستا - ئاستا ھەر خىل "ھوسۇن تۈزەش" كە، ئاتا - ئانا قۇشلارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاشقا باشلايدۇ. بالا قۇشلار دەسلەپتە ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەردىن قورقمايدۇ. كېيىنچە، ئاتا - ئانىلىرى "مەشق" قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشنى، ھەر خىل جىددى ئەھۋاللارغا دۇچكەل-

گەندە ئۇزىنى يوشۇرۇشنى، قېچىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىغا ئەگىشىپ ئۇچۇشنى، ھەر خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىپ ئوزۇقلۇق ئىزلەشنى ئۆگىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئۇچۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. بالا قۇشلار دەسلەپكى "ئۇچۇش مەشقى" گە نىسبەتەن قورقۇنچاق كېلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلىرى ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۇلارنى باشلاپ يۈرۈپ ئۇچۇشنى مەشق قىلدۇرىدۇ. دەسلەپتە ئۇۋىدىن چىقىپ، ئۇۋا ئەتراپىدىكى شاخلارغا، ئاندىن نوۋەنرەك شاخلارغا ئۇچۇپ-چۈشۈشنى، كېيىنچە يەنىمۇ يىراققا ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ. بەزىدە بالىلىرىنى بىرەر دەرەخ شېخىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاتا-ئانا قۇشلار ئۆزلىرى ئۇچۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بالىلىرىغا ئۆگىتىدۇ. بۇ چاغدا بالا قۇشلار دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئۆگىنىدۇ.

بەزىدە بىرەر يېرىم قورقۇنچاق بالا قۇش "سىناق ئۇ-



23 - رەسىم: قۇش بالىلىرى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۇچۇش ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىمەكتە.

چۇش“ قا جۇرئەت قىلالماي، ئۇۋىدا يالغۇز قالىدىغان ئەھ-
ۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئانا قۇش ئاغزىدا بىرەر
قۇرۇتنى كۆتىرىپ كېلىپ، ئۇۋا يېنىغا قونىدۇ - دە، قۇرۇتنى
بالىسىغا كۆرسىتىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يېقىن جايدىكى دە-
رەخ شېخىغا قونىدۇ. قوسىغى ئېچىپ كەتكەن بالا قۇش
قورقۇش ۋە خەتەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئانا قۇشنىڭ ئارقى-
سىدىن ئەگىشىپ تەۋەككۇل قىلىپ ئۇچىدۇ. تۇنجى قېتىم-
لىق ”سىناق ئۇچۇش“ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن،
بالا قۇش قورقمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا قۇش
ئۇلارنى باشلاپ يۈرۈپ تېخىمۇ يىراقلارغا ئۇچۇشنى ئۆگە-
تىدۇ. بالا قۇشلار دەسلەپتە بىر شاختىن يەنە بىر شاخقا،
بۇ دەرەختىن ئۇ دەرەخقە ئۇچۇپ يۈرۈپ بىرقانچە كۈن
”مەشق“ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمى ئۇچۇش ئىقتىدا-
رىنى ئىگەللىۋالىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاق قۇش-
قاچ ئۆز بالىلىرىنى چوڭ قىلىپ ئۇچۇرما بولغاندا، ئۇلارنى
ئۇۋىدىن باشلاپ چىقىپ دەسلەپكى ئۇچۇش ماھارىتىنى ئۆ-
گەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئوت - چۆپلۈك، چاتقاللىقلار
ئارىسىغا باشلاپ بارىدۇ - دە، ئۆزى غىپىلا قىلىپ بالىلىرىنى
ئازدۇرۇپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋىسىغىمۇ
كەلمەي، بالىلىرىنى كەڭ تەبىئەتتە مۇستەقىل ھايات كەچۈ-
رۇشكە قويۇۋېتىدۇ. شۇڭا يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېتىز - ئې-
رىق، مەھەللە، باغلاردا كۆپلىگەن ئاق قۇشقاچ بالىلىرىنى
ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇلار ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،
ئۇۋىسىغا قايتالماي، تەبىئەت قوينىدا مۇستەقىل ياشاش يو-

لىدا "تېنەپ - تەمترەپ" يۈرگەنلەردۇر.

ئانا قۇشلار ئۆز باللىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىپلا قالماي يەنە ئۇلارغا ئوزۇق ئىزلەشنى، ئوزۇقلۇق تۈرلىرىنى پەرقلەندۇرۇشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. مۇشۇك ياپىلىغى باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ چاشقانلارنى پايلاشنى ۋە ئۇلارنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇشنى مەشق قىلدۇرىدۇ. قالغاچمۇ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچۇپ يۈرۈپ چىۋىن، پاشا، كۆمۈتا قاتارلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇشنى مەشق قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قۇشلار يەنە ئۆز باللىرىغا سايراشنىمۇ ئۆگىتىپ چىقىدۇ. قۇش باللىرىنىڭ سايراشنى ئۆگىنىشى قىزىقارلىق بولۇپ، بەئەينى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس تەكرارلىغىنىغا ئوخشايدۇ. يەنى ئانا قۇش بىر ئېغىز سايرىسا، بالا قۇشلار بىر ئېغىز تەكرارلاپ سايرايدۇ. مۇشۇنداق تەكرار "مەشق" قىلىش ئارقىسىدا ھەر خىل ئاۋازلاردا سايراش ماھارىتىنى ئىگەللەيدۇ. بالا قۇشلار يۇقۇرقىدەك بىر قاتار "ماھارەت" لەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئانا قۇشلار باللىرىنى "تاشلاپ" باشقا جايلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، قۇش باللىرى يەنىلا "تەييار ئوزۇق" كېلىشنى كۈتۈپ، چۇقۇرىشىپمۇ باقىدۇ. بىراق، ئانا - ئانىلىرى قايتا كېلىپ "تەييار ئوزۇق" بەرمىگەندىن كېيىن ئۆزلىرى ئوزۇق ئىزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىپ ياشاشقا باشلايدۇ.

قۇش باللىرى ئۇچۇرما بولۇپ ئۇۋىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پەيلىرىنى يېڭىۋاشلايدۇ. ئەركەك، چىشىلىرىنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى پەرقلىق بولغان قۇشلارنىڭ باللىرىنىڭ

سىرتقى كورۇنۇشى چىشى قۇشلارغا ئوخشايدۇ. ئەركەك،
چىشىلىرىنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغان قۇشلار-
نىڭ بالىلىرىنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ
پەيلىرىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە، قۇشلارنىڭ بالى-
لىرى ئەڭ دەسلەپتە تۇخۇمدىن چىققان ۋاقىتتىكى پەي
(تۈك) لەر، كېيىن ئۇۋىدىكى پەيلەر، ئۇۋىدىن ئايرىلىپ ئۇ-
زۇن ئوتمەي، قىشلىق پەيلەر، كېلەر يىلى ئەتىيازغا بار-
غاندا قىشلىق پەيلەرنى يوتكەپ "توپلۇق پەيلەر" گە پۈر-
كىنىدۇ. كوپلىگەن قۇشلار يىلدا بىر قېتىملا پەي يەڭگۈش-
لەيدۇ. بەزى قۇشلار ئەتىيازدا بىر قېتىم، كۈزدە بىر قېتىم
بولۇپ، يىلدا ئىككى قېتىم پەي يەڭگۈشلەيدۇ. تونىدىرا
كەكلىگىنىڭ چىشىلىرى بىر يىلدا 3 قېتىم. ئەركەكلىرى
بىر يىلدا 4 قېتىم پەيلىرىنى يەڭگۈشلەيدۇ. قالغاچقا ئوخ-
شاش پەسىللىك قۇشلار كوچۈشتىن بۇرۇنلا پەيلىرىنى يەڭ-
گۈشلىۋالىدۇ. قۇشلار پەيلىرىنى يەڭگۈشلىگەندە، بەلگىلىك
قانۇنىيەتلىك تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. قالغاچ ئالدى بىلەن
قۇيرۇق پەيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ چەتتىكىلىرىگە
قاراپ يەڭگۈشلەيدۇ. قىرغاۋۇل ئالدى بىلەن ئوتتۇرىسىدىن
يەڭگۈشلەشكە باشلاپ چەتتىكىلىرىنى ئاخىرىدا يوتكەيدۇ.
تومۇر تۇمشۇق قانات پەيلىرىنى يوتكىگەندە، دەسلەپكى پەي-
لەرنى ئوتتۇرىسىدىكىدىن، كېيىنكى پەيلەرنى ئىككى ياندى-
كىدىن باشلاپ يەڭگۈشلەيدۇ. قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى يەڭگۈش-
لىشى قالقانسىمان بەزلەر ئاجرىتىپ چىقارغان هورمۇنلارنىڭ
تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. نەسىللىنىش مەزگىلى-
دە قۇشلار پەيلىرىنى يەڭگۈشلەشتىن توختايدۇ. پەي يەڭ-

گۆشلەش مەزگىلدە بولسا. قۇشلارنىڭ جىنسىي بەزلىرىنىڭ ھەركىتى تورمۇزلىنىدۇ.
قۇشلارنىڭ يىللىق كۆپىيىش مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ نەسىللىنىش ئىقتىدارى، قۇش باللىرىنىڭ ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى، ئوزۇقلۇق شارائىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. نەسىللىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن، ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى يۇقۇرى بولسا، قۇشلارنىڭ يىللىق كۆپىيىش مىقدارى چوڭ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئوزۇقلۇق شارائىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئوزۇقلۇق مول بولىدىغان بولسا، قۇشلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى كورۇنەرلىك ھالدا ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئوزۇقلۇق مول بولغاندا، چوڭ تاغ قۇشقىچى بىر يىلدا ئۈچ ئۇۋا تۇخۇم بېسىپ، ھەر بىر ئۇۋىدا 6 — 5 گىچە بالا چىقىرىدۇ. چاشقان كۆپ بولغان يىللىرى مۈشۈك ياپىلاق ھەر بىر ئۇۋىدا 13 — 9 گىچە تۇخۇم بېسىپ بالا چىقىرىدۇ. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، ھەر خىل تەبىي ئاپەت (قۇرغاقچىلىق ياكى ھۆلچىلىك) لەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى قاتارلىق ئامىللارمۇ قۇشلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىشىگە بىۋاستە تەسىر كورسىتىدۇ. شۇڭا ھەر خىل ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قۇشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى ئاسراپ ۋە قوغداپ، ئۇلارنىڭ نورمال كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 7. قۇشلار — ئىنسانلارنىڭ دوستى

قۇشلارنىڭ پايدا - زىيىنىغا قانداق باھا بېرىش، قۇشلارنى ئاسراپ قۇش بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

قۇشلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىگە باھا بېرىشتە، چوقۇم قۇشلارنىڭ يەيدىغان ئوزۇقلۇقىنىڭ تۈرلىرىگە قاراش لازىم. ئادەتتە، ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەر، قۇرۇت قوڭغۇزلار، چاشقان، ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلار پايدىلىق قۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ؛ زىرائەت دانلىرى، كۆكتاتلار، مېۋىلەرنى ئوغرىلاپ يېگۈچىلەر زىيانلىق قۇشلار ھېساپلىنىدۇ. بىراق بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىيىتى بولغاندەك، تەبىئەت دۇنياسىدا مۇتلەق پايدىلىق بولغان ياكى مۇتلەق زىيانلىق بولغان قۇش ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن: قالغاچ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان مەخسۇسلا ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان پايدىلىق قۇشتۇر. ئەمما قالغاچ ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يېگەندە، مەخسۇسلا يېزا ئىگىلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يېمەستىن، يەنە ئاز مىقداردىكى پايدىلىق قۇرۇتلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ، چوڭ تاغ قۇشقاچى كۆپىنچە قارىغاي قۇرۇتى، ئۇزۇن بۇرۇت-

لۇق تۇخۇز، چىرپاشكا، چىكەتكە قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەپ
ئورمانچىلىققا زور پايدا يەتكۈزىدۇ. بىراق ئۇ يەنە ئۈزۈم-
لۈك باغلاردا ئۈزۈملەرنىمۇ چوقۇلاپ يەپ بەلگىلىك دەرىجى-
دە زىيان سالىدۇ. سۇپى - سۇپىياڭ باغلار ۋە ئورمانچىلىق
رايونلىرىدىكى ھاشارەت يەيدىغان داڭلىق پايدىلىق قۇش
ھىساپلىنىدۇ. بىراق، ئۇ يەنە بەزىدە شىرنىلىك مېۋىلەرنى
چوقۇلاپ يەپمۇ قويىدۇ. قۇشلارنىڭ ماياقلىرى بىلەن بىرگە
سىرتقا چىقىرىلغان مېۋە ئۇرۇقلىرى ئېتىزلاردا، داللاردا ئۈ-
نۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدا، مېۋىلەرنى يەپ زىيان پەيدا قىلغان
قۇشلار، ئۇرۇقلارنىڭ تارقىلىشى ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ
ئۆسۈپ كوپىيىشى ئۈچۈن يەنە پايدىلىق رول ئوينايدۇ. ئا-
دەتتە كىشىلەر يىرگىنىدىغان قاغىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بول-
ساق، ئۇ كورۇنۇشىنىڭ سەتلىكى ۋە ئاۋازىنىڭ يېقىمسىزلىغى
تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە "شۇملۇق" نىڭ سىمۋولى
ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەنە كۈز پەسلىدە ياڭاق،
كوممە قوناق، قوغۇن ئۇرۇغى قاتارلىقلارنى ئوغرىلاپ يەيدى-
غانلىغى ئۈچۈن، ئادەتتە ئۇ بىر خىل زىيانلىق قۇش ھىساپ-
لىنىدۇ. ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قاغىنىڭ
ئاساسلىق ئوزۇقلۇغى زىرائەتلەرنىڭ دانلىرى بولماستىن،
ھەر خىل زىيانلىق قۇرۇتلار ۋە ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى
كوپلەپ يەيدىغانلىغى بايقالغان. قاغىنىڭ زىيانلىق قۇرۇتلار-
نى يىگەنلىگى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ زىرائەتلەرنى
ئاسرىغانلىغى؛ ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى يىگەنلىگى، مىكروپ-
لارنىڭ كوپىيىشىنى توساپ، مۇھىتنى ئاسرىغانلىغى بولۇپ،
بۇ ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىدۇر. بۇندىن باشقا، قاغىلار ئو-

زوق ناپقاندا ئۆز ھەمراھلىرىنى چاقىرىش ئۈچۈن چىقىرىدى-
غان ئاۋازىنى ھەم ئۇنىڭ جۈپ ئىزلىگەندە چىقىرىدىغان ئا-
ۋازىنى لېنتىغا ئېلىۋېلىپ، زىيانداش ھاشارەتلەر كۆپىيىپ
كەتكەن ئېتىز بېشىدا ئۇنى ئۈنئالغۇ بىلەن قويۇپ قويغاندا،
نۇرغۇنلىغان قاغىلارنى جەلپ قىلىپ كېلىپ، زىيانداش ھا-
شارەتلەرنى يوقىتىشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقى
ئىسپاتلاندى. قاغىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ياكى بىرەر تەھ-
دىتكە ئۇچرىغان چاغدىكى نالە قىلغان ئاۋازىنى لېنتىغا ئېلى-
ۋېلىپ، ئۈنئالغۇ بىلەن قوناق ئېتىزلىرى، قوناق خامانلىرى
ياكى قوغۇنلۇقلاردا قويۇپ قويسا قاغىلارنى قاچۇرۇشتا ياخ-
شى ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، قۇشلارنىڭ پايدىلىق ياكى
زىيانلىقلىقى مۇتلەق بولماستىن، نىسبىي بولىدۇ. ئادەتتە پاي-
دىسى كۆپ، زىيىنى ئاز بولغان تۈرلەر، پايدىلىق قۇشلار دەپ
بېكىتىلىدۇ. زىيىنى كۆپ پايدىسى ئاز بولغان تۈرلەر، زىيان-
لىق قۇشلار دەپ بېكىتىلىدۇ. بىر خىل تۈردىكى قۇشلارنىڭ
ئوخشاش بولمىغان پەسىلدە، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا
پايدىلىق ۋە زىيانلىق بولۇش دەرىجىسىمۇ بەلگىلىك ھالدا
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قىزىل كۆكرەك تۆمۈچۈقنى ئال-
دىغان بولساق، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
رايونلاردا نەسىللىنىپ كۆپىيىدۇ، بالىلىرىنى بېقىش مەزگى-
لىدە ھەر خىل زىيانداش قۇرۇتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. شۇڭا ئۇ
ئاشۇ رايوندا، ئاشۇ مەزگىلدە پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ.
بىراق، كېيىن ئۇ توپلىشىپ جەنۇبقا كۆچىدۇ. 7 - ئايلاردا
شەندۇڭغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تېرىق، ئاق قوناق قا-
تارلىق زىرائەتلەرنى يېگىنى ئۈچۈن، تېپىك زىيانلىق قۇش

بولۇپ قالىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ ئوخشاش بىر رايوندا ۋە ئوخشاش بىر پەسىلدە ئەمما ئوخشاش بولمىغان يىللاردا پايدىلىق ۋە زىيانلىقلىق دەرىجىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: چاشقان كۆپىيىپ كەتكەن بەزى يىللىرى، يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ھەممىسى چاشقانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ھەتتا قاغا، بىلىق ئاغۇچ قاتارلىقلارمۇ چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ. بىراق، بەزى يىللاردا چاشقانلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەندە، چاشقان تۇتۇش پالۋىنى ھىساپلىنىدىغان مۇشۇك ياپىلىغىمۇ باشقا "ئوزۇق" ئىزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان "ئوزۇقلۇق ھالقىلىرى" مەۋجۇت بولىدۇ. مۇنداق "ئوزۇقلۇق ھالقىلىرى" نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قۇشلارنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىقلىق دەرىجىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ياۋا قۇش بايلىقى ئىچىدە، ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى، چاشقانلارنى، ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يەيدىغان قۇشلار، قۇشلار ئومۇمى سانىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۇلار يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى ھىساپلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى پايدىلىق قۇشلار دەپ ئاتايمىز. قالغاچ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ھاشارەت يوقىتىش ماھىرىدۇر. يەنە بىر خىل ياۋا قالغاچ بولۇپ، ئۇ چېكەتكە يوقىتىش ماھىرى ھىساپلىنىدۇ. سىناق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ياۋا قالغاچ بالا بېقىۋاتقان

مەزگىلدە، ئۇ ھەر بىر بالىسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 ـ 90 گىچە چېكەتكە تۇتۇپ يېگۈزىدىكەن. مۇشۇك ياپىلىغىنىڭ چاشقان يوقىتىشتىكى توھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. قارىغاي قۇرۇتى ئورمانچىلىقنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ، ھاشارەت تۇتۇپ يەيدىغان باشقا قۇشلار ئادەتتە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما كاككۇك دەل قارىغاي قۇرۇتىنى يوقىتىشنىڭ "پالۋىنى" ھېساپلىنىدۇ. كۆزىتىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىر دانە كاككۇك بىر كۈندە 300 دىن كۆپرەك ھاشارەت تۇتۇپ يەيدىكەن. شۇڭا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان قۇشلارنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسرىشىمىز لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ھوكۇمەت ئېلان قىلغان ياۋايى قۇش بايلىق مەنبەلىرىنى ئاسراش توغرىسىدىكى قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئوۋ قىلىشنى چەكلەش رايونلىرىنى ھەم ئوۋ قىلىشنى چەكلەش مەزگىلىنى بېكىتىپ چىقىش لازىم. بولۇپمۇ پايدىلىق قۇشلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىدە، ئۇلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق چەكلەش ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىش ۋە باللىرىنى تۇتۇشنىمۇ قەتئىي چەكلەش لازىم. قۇشلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىدە، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ، شاخلىرىنى چاتاشتىن ساقلىنىش، قۇشلار كۆپلەپ ئۇۋا سالغان يەرلەردە مال ـ چارۋا باقماسلىق، ئۇلارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم مۇھىتتا كۆپىيىپ ئەۋلات قالدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. پايدىلىق قۇشلارنىڭ

ھەممىسى ئۇۋا ياساپ كۆپىيىدۇ. شۇڭا پايدىلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئاسراش، سۇنئى ئۇۋىلارنى ياساپ ئېسىپ قويۇش لازىم. سۇنئى ئۇۋىلارنى ياساپ ئېسىپ قويۇش بىلەن ھەر خىل پايدىلىق قۇشلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش، بۇ بىر خىل ئاكتىپ تەدبىر بولۇپ، ئۈنۈمى نادايىتى چوڭ بولىدۇ. بەزى جايلاردا ئىچى پورلىشىپ كەتكەن ياغاچلارنى قاداپ، تۆمۈر تۇمشۇققا ئۇۋا ياساپ بېرىش ئارقىلىق تۆمۈر تۇمشۇقنى كۆپلەپ جەلپ قىلغان. جاغالما ئادەتتە ستولبا ياكى تېلېفون سىملىرىغا قونۇۋېلىپ، يەردىكى يەمەكلىكلەرگە نەزەر سېلىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىزلارغا موما ياغاچ قاداپ، ئۈستىگە توغرا ياغاچ مىخلاپ قويسا، جاغالما ياكى باشقا يىرتقۇچ قۇشلار ئۇنىڭغا كېلىپ قونىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ چاشقان يوقىتىشتىكى ئۈنۈمى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ بەزىلەرنىڭ تەجرىبە نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھەر بىر گېكتار دېخانچىلىق ئېتىزدا موما تىكلەپ قويۇشتىن بۇرۇن، 227 دانە چاشقان تۇشۇكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن 111 تۇشۇك ئىچىدە چاشقانلار بار ئىكەن. موما ياغاچ تىكلەپ قويغاندىن كېيىن، 142 چاشقان تۇشۇكىدىن ئارانلا 9 دانە چاشقان چىققان.

يەنە، قۇشلارنى ئاسراش توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىش، قۇشلار توغرىسىدىكى ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، يېزا - شەھەر خەلقى، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەر، باللارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا قۇشلارنى تۇتماسلىق، ئۇۋىلىرىنى بۇزۇپ

تۇخۇمنى ئالماسلىق، ئاڭلىق تۇردە قۇشلارنى ئاسراش ھەق-
قىدە نەسىھەت قىلىش لازىم. قۇشلارنى ئاسراشتا، تەشۋىقات-
تەربىيىنى كۇچەيتىش بىلەن كونكرىت چارە - تەدبىرلەرنى
قوللانغاندىن باشقا يەنە مۇھىتنى ئاسراشقىمۇ ئالاھىدە ئەھ-
مىيەت بېرىش لازىم. قۇشلار پۇتكۇل ھاياتلىق ئېكولوگىيە-
سىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۇ-
ھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ. تە-
بىەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى
قۇشلارنىڭ ياشاش شارائىتىغا بىۋاستە تەسىر كورسىتىپ،
ئۇلارنىڭ كوپىيىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. يەر شارىدا
نۇرغۇن جايلار ئەسلىدە ياپ - يېشىللىق بىلەن قاپلانغان،
قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بوستان-
لىق بولسىمۇ، ھازىرقى دەۋرلەرگە كەلگەندە گىيالار ئۇنمەي-
دىغان، قۇشلارنىڭ قارىسىمۇ كورۇنمەيدىغان چوللۇكلەرگە ئاي-
لىنىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە
ھەر خىل خىمىيىۋى دورىلارنى كوپلەپ ئىشلىتىش بىلەن،
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققاندۇر. دىخانچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا ھەر خىل زىيانداش ھاشا-
راتلەرنى يوقىتىش ئۇچۇن د د ت چاچقاندا، كوپلىگەن پاي-
دىلىق قۇشلارغىمۇ زىيان يېتىدۇ. دۇنيا بويىچە 39 دولەتنى
تەكشۇرۇش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 118 خىل قۇشنىڭ
بەدىنىدە د د ت نىڭ چوكمىلىرى تېپىلغان. د د ت بىلەن زە-
ھەرلەنگەن قۇشلارنىڭ تۇخۇم شاكىلى نېپىزلەپ كېتىپ ئۇ-
لارنىڭ نورمال كوپىيىشىگە تەسىر يېتىدىكەن. ھازىرقى ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا، ياۋروپادا كوپ ئۇچرايدىغان 400 نەچچە

خىل قۇشنىڭ ئىچىدە 60 نەچچە خىلنىڭ نەسلى تۈگەپ
كەتكىلى ئاز قالغان. ياپونىيىدىكى بىر ناھىيىدە، 1950 -
يىلى 50 مىڭ دانە قالغاچ بار ئىكەن. 1953 - يىلىدىن باش-
لاپ بۇ ناھىيىدە ئورگانىك خلورلۇق دېخانچىلىق دورىسى
كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن 1955 - يىلىغا كەلگەندە، قال-
غاچلار زور دەرىجىدە ئازىيىپ، 50 نەچچىسىلا قالغان. بۇنىڭ-
دىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ھەر خىل دېخانچىلىق دورىلىرى،
كېرەكسىز گازلار، كېرەكسىز سۇ قاتارلىق مۇھىتنى بۇلغىغۇ-
چى ماددىلارنىڭ قۇشلارنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ئىن-
تايىن ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا پايدىلىق قۇشلارنى ئاسراشتا،
جەزمەن مۇھىت ئاسراشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر خىل قۇش بايلىقى بىرقەدەر
مول بولۇپ، ئېكولوگىيە ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭ-
پۇڭلۇقىنى ساقلاشتا، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. سانائەت،
دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا
ئەگىشىپ، كىشىلەر ھەر خىل پايدىلىق قۇشلارنى ئاسراش،
ئۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ
زىيانداشلىقى، چاشقان، چېكەتكە ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش، خىمىيىلىك دورىلار بىلەن ئالدىنى ئېلىشقا قارىغاندا،
تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، بىخەتەر، تېجەشلىك ھەم مۇھىت ئاسراشقا
پايدىلىق بولغان بىر خىل "بىولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش

ئۇسۇلى» ئىككىلىنچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە. شۇڭا، تەبىئەتتىكى قۇش بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە خەلق ئىگىلىكىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق قۇشلارنى ئاسراش، زىيانلىق قۇشلارنى مۇۋاپىق ھالدا تىزگىنلەش، زىيانلىقنى پايدىلىققا ئايلاندۇرۇش — پەن-تەتقىقات خادىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل خەلقنىڭمۇ ئورتاق ۋەزىپىسىدۇر.

## 8. ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان پايدىلىق قۇشلار

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ھاۋا كىلىماتى مۇتە-
دىل، تەبىئى شارائىتى گۈزەل بولۇپ، قۇشلارنىڭ ماكانلىشىپ
ياشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پايدىلىق قۇشلارنىڭ تۈرى كۆپ بو-
لۇپ، 400 خىلغا يېتىدۇ. بۇ پايدىلىق قۇشلار ھەرخىل زى-
يانداش ھاشارەت، زىيانداش ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، دى-
خانچىلىق زىرائەتلىرىنى، مېۋىلىك باغلاردىكى مېۋىلەرنى،
ئورمانلارنى، يايلاق - ئوتلاقلارنى ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن
ساقلايدۇ.

زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ زىيىنى بەزىدە ناھايىتى ئېغىر
بولىدۇ. بولۇپمۇ چېكەتكە ئاپىتى ئىنسانلار ئۈچۈن چوڭ تەھ-
دىتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ چېكەتكە ئا-
پىتى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. چېكەتكە، زىيانداش ھا-
شارەتلەر ئارىسىدا ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئۇ پەيدا قىلىدىغان
ئاپەتنىڭ كۆلىمى چوڭ، زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. دۇنيا بويىچە
ئەڭ زور چېكەتكە ئاپىتى 1949 يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكى-
نىڭ غەربىي قىسمىدا يۈز بەرگەن ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا، چې-
كەتكىلەر كەڭلىكى 64.4 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 120.7 كى-
لومېتىر كېلىدىغان سەپ تۈزۈپ، كۈنىگە 4 كىلومېتىر ئار-

لىققا ئۇچۇپ، ئايغى تەككەن يەردىكى زىرائەت، ئوت - چۆپلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي يەپ تۈگىتىۋەتكەن. 1915- يىلى 2 - ئايدا پەلەستىنىدىمۇ زور كۆلەملىك چېكەتكە ئاپەتى يۈز بەرگەن. چېكەتكىلەر، ئاسمان - زېمىننى قاپلاپ ئۇلارنىڭ چىرىلداشلىرى ھەممە ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇلار دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ ۋە زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە يۇمران غولللىرىنى قىرقىپ، يەپ قۇرۇتىۋەتكەن، ھەتتا ھويلا - تاملاردىن ئۆتۈپ، ئۆيلەرگىچە يامراپ، ئادەملەرگە يامىشىپ زور تەھدىت پەيدا قىلغان. مەملىكىتىمىز تارىخىنى ئالىدىغان بولساق، 2600 يىل جەريانىدا 8 يۈز قېتىمدىن ئارتۇق چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 1979 - يىلىدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوتلاش يايلىقىدا ھەر يىلى 200 — 100 مىڭ مو ئەتراپىدىكى يايلاقتا چېكەتكە ئاپىتى بىرنەچچە يىل ئۇدا يۈز بەرگەن. بۇنداق چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، چېكەتكە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ھەر خىل پايدىلىق قۇشلارنىڭ توھپىسى ناھايىتى زور بولىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدە چېكەتكە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان قۇشلاردىن 13 خىلى بار ئىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پايدىلىق قۇشلارنىڭ تارقىلىشى كەڭ بولۇپ، ئادەتتە بىرقەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرىدىن: قالغاچ، قارا قۇشقاچ (قارىغۇجا)، مۇشۇك ياپىلاق (ھۇقۇش)، كاككۇك، ھوپۇپ، تومۇر تۇمشۇق، سېغىزخان، تاغ قۇشقىچى، سۇڭگۈچ، كۆكۈنەك، قۇرغۇي قاتارلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سايرىغۇچى كىچىك قۇشلاردىن: تۇمۇچۇق، شاخ سا-

نىغۇچ، سېرىق قۇشقاچ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر خىلىنىڭ تۈرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: مۇشۇك ياپىلاق-نىڭ 10 خىل تۈرى بار، قالغاچنىڭمۇ 6 خىل تۈرى، تو-مۇر تۈمشۇقنىڭ 8 خىل تۈرى بار. تاغ قۇشقاچنىڭ 7 خىل تۈرى، سوغۇچ، كۆككۆنەكلەرنىڭ 4 خىلدىن تۈرلىرى بار. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پايدىلىق قۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پەسىل قۇشلىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قۇش-لار ئومۇم سانىنىڭ 85% نى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگو — ياپونىيە پەسىل قۇشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش كېلىشىمىدە تى-زىملانغان پەسىللىك قۇشلار 227 خىل بولۇپ، بۇلاردىن 116 سى شىنجاڭ رايونىغا كېلىپ ماكانلىشىپ يەنە قايتىپ كېتىدىغان قۇشلاردۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياز پەسىللىك قۇشلار قىش پەسىلدە مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، ھىندىستان، بىرما قاتارلىق جايلارغا كېتىپ قىشنى ئۆتكۈزى-دۇ. قالغاچ، كاككۇك، تۇرنا قاتارلىقلار تېخىمۇ يىراقتىكى ئىسسىق رايونلارغا كېتىپ قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزغا قايتىپ كېلىپ ماكانلىشىپ كۆپىيىدۇ. قىش پەسىللىك قۇشلار يازدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاۋكاز قاتارلىق رايونلىرىدا ماكانلى-شىپ كۆپىيىدۇ. قىش پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ قىشلايدۇ. يەنە بەزى قۇشلار ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە يازلىمايدۇ ھەم قىشلىمايدۇ. ئۇلار بەئەينى ساياھەتچىلەردەك كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى قۇشلارنىڭ كۆپ قىس-مى سۇدا ئۈزىدىغان، دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشايدىغان قۇشلار بولۇپ، ئۇلار تەبىئى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ

بوتكىلىدۇ. ئەگەردە قىشلايدىغان قولايلىقراق ئورۇن تاپالـ
سا، جەنۇپنىكى ئىسسىق رايونلارغا كوچۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ-
لار ئارىسىدىكى يېشىل باش ياۋا ئۆدەك ئورۇمچى ئەتراپـ
دىكى رايونلاردىكى كوللەردە، كۆيتۆك ساسلىقلىرىدا قىشلايـ
دۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىي شارائىتى مۇرككەپ، هاۋا
كىلىماتىدىكى پەرقلەر چوڭ بولغىنى ئۈچۈن، بەزى قۇشلار
ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىلا كوچۇپ يۈرىدۇ. مەسىلەن،
تاغ قۇشقىچىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئۇزۇن قۇيرۇق تاغ
قۇشقىچى، قالغاچنىڭ بىر تۈرى بولغان ئاق باش قالغاچ ئالـ
تاي رايونىدا يازنى ئۆتكۈزۈپ، قىشتا جەنۇبىي شىنجاڭغا كېـ
تىپ قىشلايدۇ، بۇنداق قۇشلار شىمالىي شىنجاڭدىكى ياز پەـ
سىللىك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىش پەسىللىك قۇشلار دەپ
ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئاسىيا رايونىدىكى پەسىل قۇشـ
لىرىنىڭ كوچۇش يولىنىڭ تۈگۈنى هىساپلىنىدۇ. شۇڭا، ئەتـ
ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يېڭى - يېڭى قۇش تۈرلىرى كوپـ
لەپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە ياز پەسلىدە ئاپتونوم رايونـ
مىزدا ماكانلىشىدىغان بىر نەچچە خىل پايدىلىق قۇشلارنى
قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

## "پولات تۇمشۇقلۇق جەڭچى" — قارا قۇشقاچ

نۇرغۇنلىغان زىيانداش هاشارەتلەر، زىرائەتلەرنى قىرقىيدۇ
ۋە ئوغرىلىقچە يەپ، زور زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن
هەر خىل چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زىيانداش هاشارەتـ
لەرنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېـ

لىدۇ. زىياندااش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىر خىل چارە — خىمىيىۋى دىخانچىلىق دورىلىرىدىن پايدىلىنىش، يەنە بىر خىل چارە بولسا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تەبىئى "كۈشەندىسى" بولغان، ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ھەرخىل قۇشلاردىن پايدىلىنىش لازىم، بۇنداق پايدىلىق قۇشلار زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىشتا بىزگە ياخشى ياردەمچى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. قارا قۇشقاچ ئەنە شۇ پايدىلىق قۇشلارنىڭ بىرىدۇر. قارا قۇشقاچنىڭ گەۋدىسى ئاق قۇشقاچتىن چوڭراق ھەم ئۇزۇنراق بولۇپ، پۈتكۈل بەدىنىنى كۈلرەڭ قارامتۇل پەيلەر قاپلىغان. ئۇنىڭ باش ۋە دۈمبە قىسمى تۇم قارا، بېقىنى ۋە قۇيرۇق قىسمى ئاقۇشراق كېلىدۇ. تۇتۇۋېلىپ قولدا باققانلىرىنىڭ بەدىنىدە ئاق توچكىلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇچقاندا توپ - توپى بىلەن ئۇچىدۇ، سۈرئىتىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ. يېقىملىق ئاۋازلاردا سايرايدۇ. ئۇنىڭ تۇمشۇغى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان "پولات تۇمشۇقلۇق جەڭچى" بولۇشقا مۇناسىپتۇر. قارا قۇشقاچنى بەزىلەر قارىغۇجا دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇنىڭ ئىككى خىلى بار. ئۇلار يېزا - مەھەللىلەر ئەتراپىدىكى ياكى باغلاردىكى ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ كامالىرىدا ئۇۋىلايدۇ.



24 - رەسىم: قارا قۇشقاچ


قارا قۇشقاچ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ھەم قاتتىق تۇمشۇغى بىلەن ئېتىز ئېرىقلاردىكى تۇپراق ئارىسىدىن موزايۇپشى، ماي قوڭغۇزى، تومۇزغا، سىم قۇرۇت، چېكەتكە ۋە يەر يولۋىسى قاتارلىق ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى چوقۇلاپ تۇتۇپ يېيىشكە بەكمۇ ماھىردۇر. بۇ خىل زىيانداش ھاشارەتلەر بۇغداي، كوممە قوناق، ئاق قوناق، تېرىق، كېۋەز قاتارلىق دېخانچىلىق زىرائەتلىرى مايسىلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە غوللىرىغا بىۋاسىتە زىيان سالىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئادەم كۈچى بىلەن يوقىتىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى تۇتۇپ يوقىتىش ئۈنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بىراق قارا قۇشقاچ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنى تۇتۇش تولىمۇ ئاسان بىر خىل "كەسپى ماھارەت" ھىساپلىنىدۇ. قارا قۇشقاچنىڭ بالا بېقىۋاتقان مەزگىلى، زىيانداش ھاشارەتلەرنى ئەڭ كۆپ يوقىتىدىغان پەيتىدۇر. قارا قۇشقاچنىڭ بالىلىرى ناھايىتى ئىشتەيلىك بولۇپ، تۇخۇمدىن چىققان ھامان ئانىسى ئۇلارنى ھەرخىل قۇرۇت - قوڭغۇزلار بىلەن ھەر كۈنى 100 قېتىمدىن ئارتۇق ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھىساپلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قارا قۇشقاچ ئۇۋىسىدا بالا بېقىش مەزگىلىدە، ئەگەر بىر جۈپ قارا قۇشقاچ ھەر كۈنى 360 گىرام چېكەتكە تۇتۇپ 3 بالىسىنى باقسا، شۇ بىر جۈپ قارا قۇشقاچ ھەر ئايدا تەخمىنەن 10800 گىرام چېكەتكە تۇتىدىكەن. شۇ بويىچە ھىساپلىغاندا، 100 جۈپ قارا قۇشقاچ بىر يازدا 22 توننا چېكەتكە يەۋېتىدۇ! (ئادەتتە، بىر قارا قۇشقاچ كۈنلۈگى 200 دانە چېكەتكىنى يەۋېتەلەيدۇ.)

قارا قۇشقاچ ئاساسەن ئېتىزلار، مېۋىلىك باغلاردىن ئو-

زوق ئېزلەيدۇ. يامغۇر يېغىپ يەرلەر نەملەشكەندىن كېيىن ئېتىزلار ۋە باغلاردا توپ - توپ يامغۇر قولۇلىلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ يامغۇر قولۇلىلىرى قاتتىق قاپلىرىنى يۇدۇپ، ئال-دىرىماي سوزۇلۇپ يۇرۇپ، بۇغداي باشاقلىرىغا يامىشىپ چې-قىۋېلىپ، بۇغداي چاناقلىرىنى بۇزۇپ، يۇمشاق دانلارنى يەي-دۇ. بەزىدە، كېۋەز مايسىلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، مايسا يو-پۇرماقلىرىنى ئوتمە توشۇك قىلىۋېتىدۇ ياكى يۇمران غوللىرى-نى قىرقىۋېتىپ، مايسىلارنىڭ ساغلام ئوسۇشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. قارا قۇشقاچلار مانا بۇ يامغۇر قولۇلىسىنىڭ ئە-دۇۋىنى تازا ئوبدان بىرىدۇ. ئېنىقلىنىشىچە بىر ئۇۋىدىكى قارا قۇشقاچلار ياز بويى 360 دانە يامغۇر قولۇلىسىنى تو-تۇپ يەيدىكەن. قارا قۇشقاچ زىيانداش هاشارەتلەرنى ئەنە شۇنداق كوپلەپ يوقىتىدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كوپىيىپ ئاپەت-كە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، زور توھپە قوشىدۇ.

## زىيانداش هاشارەت يوقىتىشتىكى پالۋان — كاككۇك

كاككۇك ئاساسەن ئورمانزارلىقلار ۋە قويۇق باغلاردا يا-شايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇنىڭ چوڭ كاككۇك، كىچىك كاككۇك دىگەن ئىككى تۇرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. كاككۇك-نىڭ دۇمبىسى كۇلرەڭ، قوساق قىسمىدا قارا داغلار بولۇپ، قۇيرۇغى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. قانىتى ئۇچلۇق بولۇپ، ئومۇمى كورۇنۇشىدىن قارىغاندا، كورۇمسىز بىر خىل قۇشتۇر. ئەمما ئۇنىڭ "كاككۇك! كاككۇك!" دەپ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ



25 - رەسىم. كاككۇك

سايرىغان يېقىملىق ئاۋازى، كىشىنىڭ دىلىغا بىر خىل ھو-زۇر بېغىشلايدۇ.


كاككۇك ئادەتتە ئۆزى ئۇۋا ياسىمايدۇ، ئۆزى تۇخۇم بېسىپ با-لا چىقارمايدۇ. ئۇ ئۆز تۇخۇمىنى دائىم سۇڭگۇچ، قومۇشلۇق تورغىيى، شاخ سانىغۇچ، ئاقيۈز تورغاي قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرىغا سېلىپ قويۇپ. تەييار تاپلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆز تۇخۇمىنى باستۇرىدۇ ۋە بالىلىرى-نى ئۇلارغا باقتۇرىدۇ. بۇنداق ئادەت ھايۋاناتلار دۇنياسىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

كاككۇك تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىش مەزگىلىدە، كۈندۈ-زى باشقا قۇشلار ئۇۋىسىدا يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، "ئوغرىلىقچە" باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئارىسىغا تۇغۇپ قويىدۇ، ياكى ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈپ تاقەت قىلالمىغاندا،

تۇرغان يېرىگىلا تۇغۇپ، كېيىن پۇرسەت كەلگەندە ئاندىن
بۇ تۇخۇمنى ئاغزىدا كۆتىرىپ ئاپىرىپ تۇيدۇرماستىن باشقا
قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئارىسىغا قوشۇپ قويىدۇ. كاككۇكنىڭ تۇ-
خۇمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ھەر بىر تۇخۇمنىڭ رەڭگىمۇ
بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇنى باشقا قۇشلار ئاسان-
لىقچە بايقىۋالالمايدۇ، ئۇز تۇخۇمى قاتارىدا بېسىپ بالا چى-
قىرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تاغ ئېتەكلىرى،
ئورمان، دالىلاردا ياشايدىغان پىپىچەك تورغاي ئۆز ئۇۋىسىغا
سېلىپ قويۇلغان كاككۇك تۇخۇمنى بايقىۋالايدۇ ۋە ئۇنى
ئۇۋىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ. لېكىن كاككۇكنىڭ ماسلى-
شىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، پىپىچەك تورغاي
تۇخۇمىنىڭ رەڭگى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىگە ئوپمۇ - ئوخ-
شاش قىلىپ تۇخۇم تۇغالايدۇ. باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا
سېلىپ قويغان تۇخۇمنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ھا-
مان دەرھال پۇرسەت تېپىپ يەنە بىرنى "تولۇقلاپ" قويالاي-
دۇ. شۇڭا كاككۇكلار ئوخشاشلا ئەۋلات قالدۇرۇپ كۆپىيەلەي-
دۇ. كاككۇك باللىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارى ناھايىتى
چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇ ھەر بىر قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا پەقەت
بىردىنلا تۇخۇمنى سېلىپ قويىدۇ. كاككۇك تۇخۇمى ۋە با-
للىرىنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، باشقا قۇشلاردىن
بۇرۇن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان كاك-
كۇك باللىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدارى بولۇپ، بې-
شىنى ئۇۋىنىڭ ئاستىغا تىقىپ تۇرۇپ، باشقا قوش باللىرىنى
بىر - بىرلەپ ئۇۋىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قارا شەھەر دەرياسى ۋادىلىرى،

باغراش كولى ئەتراپى قويۇق قومۇشلۇقلار بىلەن قاپلانغان.
هەر يىلى 5 - ئايلاردا بۇ جايلارغا بىر خىل كىچىك
قۇش — قومۇشلۇق تورغىيى كوچۇپ كېلىپ ماكانلىشىدۇ.
بۇ قومۇش قۇشقچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن شەكلى شاخ
سانىغۇچقا ئوخشاپ كې-
تىدۇ. دۇمبىسى توپا رەڭ،
قۇسغى ئاقۇشراق كېلىدۇ.
6 - ئاينىڭ باشلىرى،
قومۇشلۇق تورغىيىنىڭ
تۇخۇم بېسىپ بالا چى-
قىرىدىغان مەزگىلى بولۇپ،
پۈتكۈل قومۇشلۇق




26 - رەسىم: قومۇشلۇق تورغىيى

جانلىنىپ كېتىدۇ. قومۇشلۇق تورغىيى باللىرىنىڭ بىخەتەر ۋە
راھەتلىنىپ ياششى ئۈچۈن قۇرۇق ئوت - چوپلەرنى، قو-
مۇش يىلتىزلىرىنى يىغىپ كېلىپ، 3 - 2 تال قومۇش ئۇس-
تىگە رەتلىك تىزىپ پۇختا ئۇۋا ياسايدۇ. ئۇۋا ياسىلىپ
پۈتكەندىن كېيىن چىشى قۇش تۇخۇم تۇغۇشقا كىرىشىدۇ.
ئۇ ھەر بىر ئۇۋىغا 6 - 3 گىچە، ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن 4
تىن تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمنىڭ رەڭگى كوكۇش يېشىل ۋە
سۇس سېرىق قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ. چىشى قۇش تۇخۇم
باسقاندا، كېچە - كۈندۈز دىگىدەك ئۇۋىدىن ئايرىلماي، باس-
قان تۇخۇمنى قوغدايدۇ. پەقەت قوسغى ئېچىپ چىدىيالما-
غاندىلا ئاندىن ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ سىرتتىن ئازراق ئوزۇق-
لۇق تېپىپ يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە كۈنلەردىن

كېيىن بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ. قىزىلقارلىغى شۇكى، ئۇنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا بىر "بالىسى" نىڭ قىياپىتى ئانىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. قىپ - قىزىل يالىڭاچ بەدىنى يوغان بېشى ۋە چوڭ گەۋدىسى بىلەن كىچىككىنە ئۇۋىنىڭ يېرىمىنى دېگىدەك ئىگەللەيدۇ ھەمدە ئانىسى ئوزۇق تېپىپ كەلسە ھەممىشە ئالدى بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاچكوزلۇك بىلەن تالىشىپ يۇرۇپ تويغىچە يەۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالماستىن يەنە باشقا ھەمشىرىلىرىنى تۇمشۇغى بىلەن تىرەجەپ دۈمبىسىگە چىقىرىپ سۇغا ئىتتىرىۋېتىدۇ. بۇ خىل "باتۇرلۇغى" بىلەن ھالىدىن كەتكەن بۇ "غەيرى مىجەزلىك" بالا ئۇۋىدا قىمىرلىماي يېتىۋالىدۇ. ئانىسى قايتا يېمەكلىك ئېلىپ كەلگەندە، ھېچ ئىش كورمىگەندەك "چى - چى!" قىلىپ سايراپ ئاغزىنى ئاچىدۇ. ئانىسى ئوزۇق تېپىش ئۇچۇن كېتىشى ھامان، يەنە يۇقۇرقى "ھۇنىرى" نى تەكرارلاپ تاكى ھەممە شىرىكلىرىنى ئۇۋىدىن تامامەن چىقىرىۋېتىپ ئۇزى يالغۇز قالغىچە توختىمايدۇ. بۇ "غەيرى مىجەزلىك بالا" تولىمۇ ئاچكوز بولغانلىقتىن، ئانا قۇش كۇن بويى شاپاشلاپ يۇرۇپ، ئوت قۇرۇتى، پۇرچاق مىتىسى، قاسىراق قۇرۇت، ئومۇچۇك، يامغۇر قۇلۇلىسى قاتارلىقلارنى توشۇپ كېلىپ بۇ "بالىسى" نى تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ "جىنايەتكار بالا" تۇخۇمدىن چىقىپ 12 كۇندىن كېيىن تۈك - پەيلىرى تولۇق چىقىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۇتۇنلەي باشقا بىر خىل قۇش — كاككۇك ئىكەنلىگىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن. بۇ ئەسلىدە كاككۇك تۇيدۇرماستىن قومۇشلۇق تورغىيى ئۇۋىسىغا سېلىپ قويغان تۇخۇمدىن



27 - رەسىم: قومۇشلۇق تورغىيى كاككۇك بالىسىنى بېقىۋاتىدۇ.


يېتىلگەن كاككۇك بالىسىدۇر. كاككۇك بالىلىرى ئۇچۇرما بولغاندىن كېيىن، ئانا كاككۇك ھېچبىر تەپتارتماستىن كېلىپ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھېساپلىشىدىن قارىغاندا، ئەگەر بىر كاككۇك ھەر قېتىمدا 20 دانىدىن تۇخۇم تۇغۇپ ئۇنى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويسا، كاككۇك بالىلىرىنىڭ كاساپىتىدىن زىيانغا ئۇچرايدىغان باشقا پايدىلىق قۇشلارنىڭ بالىلىرىنىڭ سانى يۈز نەچچىگە يېتىدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كاككۇك گويا بىر خىل زىيانلىق قۇشتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما كاككۇك ئۆزى تۇخۇم بېسىپ بالا چىقارمىغان بىلەن پۈتۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىر دانە كاككۇك بالىسى بىر كۈندە 30 دانە ساراتون، 3 دانە باھار كېپىنىكىنىڭ لىچىنكىسى، 43 دانە كالىلەك بەسەي پەرۋانىسى قورچىغى، 5 دانە ماي قوڭغۇز لىچىنكىسى، 4 دانە ئومۇچۇك، 50 دانە سېرىق كېپىنەك قۇرۇتى قاتارلىقلارنى يەيدىكەن. قارىغاي ئورمانلىقىدىكى ئاساسىي زىيانداش ھېساپلىنىدىغان

قارىغاي تۈكلۈك قۇرۇتى، قارىغاي گەز قۇرۇتى قاتارلىقلار-
نىڭ پۈتۈن بەدىنىدە تىكەنگە ئوخشاش قاتتىق قىللىرى بو-
لىدۇ. شۇڭا ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان باشقا كۆپلى-
گەن قۇشلار ئۇلارنى يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما
كاككۇك مۇشۇ قۇرۇتلارنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ. مەلۇمات-
لاردىن قارىغاندا، بىر دانە كاككۇك بىر سائەت ئىچىدە 100
دانە قارىغاي تۈكلۈك قۇرۇتىنى تۇتۇپ يەيدىكەن. بۇنىڭدىن
قارىغاندا، كاككۇك ھەقىقەتەن زىيانداش ھاشارەتلەرنى يو-
قىتىشتىكى "پالۋان" بولۇپ، بىر خىل مۇھىم پايدىلىق قۇش
ھېسابلىنىدۇ.

## مېۋىلىك باغلاردىكى ئامانلىق ساقلىغۇچى — تاغ قۇشقىچى

ئەمگەكچان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى - كەي-
نىگە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ،
باغ بەرپا قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتى بار، شۇڭا ئاپتونوم
رايونىمىز "مېۋە - چېۋە ماكانى" دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا
مەشھۇردۇر. ھالبۇكى، باغلار يېشىللىققا پۈركىلىپ، ھەممە
ئەتراپ رەڭمۇ - رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان، مې-
ۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان
مەزگىللەردە ياكى ئاشۇ شېرىنلىك مېۋىلەرنى لەززەتلىنىپ
يېگەن پەيتلەردە، ھېچكىممۇ كېچە - كۈندۈز مېۋىلىك باغ-
لارنى ئاسراپ يۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ھەر خىل زى-
يانداش ھاشارەتلەرنىڭ زىيىنىدىن ساقلىغان "ئامانلىق ساق-
لىغۇچى" قۇشلارنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ.

تاغ قۇشقىچى ئەنە شۇ "ئامانلىق ساقلىغۇچى" لارنىڭ بىرىسىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدا تاغ قۇشقىچىنىڭ 7 خىل تۈرى بار. تاغ قۇشقىچىنىڭ گەۋدىسى سېرىق قۇشقاچتىن كىچىكرەك بولۇپ، بېشى قارا، يۈزى ئاقۇشراق، قوساق قىسمى كۆلرەڭ بولىدۇ. يېقىملىق ئاۋازلاردا سايرايدۇ. ئۇنىڭ جۈغى كىچىك بولغانلىقتىن ھەركىتى چاققان بولۇپ مېۋىلىك باغلاردا كىچىك توپ بولۇشۇپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ.



28 - رەسىم: تاغ قۇشقىچى

تاغ قۇشقىچى ئادەتتە تاغ باغرى ئورمانلىقلاردا، تۈزلەڭلىك ۋە كەنت - مەھەللىلەردىكى باغلاردا ياشايدۇ. ئۇ دەرەخلەرنىڭ كاماللىرى، تام توشۇكلىرىگە ئۇۋا ياساپ، ھەر يىلى باش يازدا تۇخۇم تۇغۇپ بېسىشقا باشلايدۇ. ئەگەر باشقا كۈشەندىلەرنىڭ دەخلىسى بولمىسىلا ئۇۋىسىدا ماكانلىشىپ يىل بويى باشقا جايغا كوچمەيدۇ.

تاغ قۇشقاچى چاققان بولغانلىقتىن، بىردەم ئالما دەرەخ-
لىرىگە قونسا، بىردەمدىلا نەشپۈت دەرەخلىرىنى ئارىلاپ چى-
قىدۇ. نەشپۈت-زارلىقلار تۈگىسە، دەرھال چىلانلىقلارغا ئات-
لىنىدۇ. ھاۋا رايىنىڭ ھەرقانداق ئۆزگىرىشلىرىگە قارىماي
ئاشۇ تەرىقىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە مېۋىلىك باغلارنى ئا-
رىلاپ يۈرۈپ، ھەر بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخقە نەچچە قې-
تىمدىن قونۇپ، زىيانداش قۇرۇتلارنى كۆرۈپ قالسىلا چاق-
قانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ يەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇ دەرەخلەرنىڭ
يۇمران شاخلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىدە
دەرەخ قوۋزاقلىرى ئارىسىدىكى قۇرۇت تۇخۇملىرى ياكى لى-
چىنكىلىرىنى بايقاپ قالسىلا، ئۇلارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ.
تاغ قۇشقاچىنىڭ ئوزۇقلۇغىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ،
ئۇ نەشپۈت چىرپاشكىسى، كوك تىكەنلىك پەرۋانە، ئالتۇن قوڭغۇز،
ئۇزۇن بۇرۇن قوڭغۇز لىچىنكىسى، ئالما مىلالوپا قۇرۇتى ھەم-
دە چىرپاشكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. تاغ قۇشقا-
چىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ،
بىر كېچە - كۈندۈزدە يەيدىغان ھاشارەتلەرنىڭ مىقدارى
ئۇنىڭ ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈ-
نۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر جۈپ تاغ قۇشقاچى بىر ئۇۋا (8 – 7
دانە) باللىرىنى بېقىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن ھاشارەت-
لەرنى تۇتۇپ يوقىتىدۇ. ئەگەر مېۋىلىك باغلاردىكى زىيان-
داش ھاشارەتلەرنى تاغ قۇشقاچى ئەنە شۇنداق يوقاتمىغان-
دا ئىدى، ھاشارەتلەرنىڭ زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن مېۋىلىك
دەرەخلەر باراقسان ئۆسمىگەن، مېۋىلەر پىشماستىنلا توكۇلۇپ
كەتكەن ياكى ھەر خىل كېسەللەرگە دۇچار بولۇپ، سۈپىتى

ۋە مەھسۇلات مىقدارىغا زور تەسىر يەتكەن بولاتتى. شۇڭا،
تاغ قۇشقاچى مېۋىلىك باغلاردىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق
"ئامانلىق ساقلىغۇچى" دۇر.

تاغ قۇشقاچى يالغۇز مېۋىلىك باغلاردىلا ئاسراپ قالماس-
تىن، بەلكى ئورمانلارنىمۇ ئاسرايدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كې-
لىش بىلەن تەڭ، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ، دەل - دەرەخلەر-
نىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ، زېمىننى قار - مۇزلار قاپلىغاندا،
ھاشارەتلەر ئاللىقاچان قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىپ بولغان بولىدۇ.
بۇ ۋاقىتتا تاغ قۇشقاچى يەنىلا دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخ-
لىرىدا سەكرەپ يۈرۈپ، دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلارنى چو-
قۇلاپ چۈشۈرۈپ، دەرەخ غوللىرىدىكى يېرىقلارغا كىرىۋالغان
ھاشارەتلەرنى ئىزلەپ تېپىپ يەيدۇ. مەلۇم بىر ئورمان تەت-
قىقات ئورنى تاغ قۇشقاچنىڭ يېمەكلىكىنىڭ تۈرى ۋە مىق-
دارىنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ يىل بويى قارىغايلىقلاردا يۈرۈپ،
قارىغاي تۇكلۇك قۇرۇتىنىڭ لىچىنكىسى، پەرۋانىسىنى يەيدى-
غانلىقىنى بايقىغان. تاغ قۇشقاچى بەزىدە قارىغايلىقلاردا تو-
مۇر تۇمشۇق بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن "ياخشى
دوست" لاردىن بولۇپ ھەمكارلىشىپ ھاشارەتلەرنى يوقىتىدۇ.
تومۇر تۇمشۇق ئۆزىنىڭ ئىسكىنىدەك ئۇتكۇر تۇمشۇقى بىلەن
دەرەخ قوۋزاقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان زىيانداش قۇرۇتلارنى
كولاپ چىقىرىپ بەرسە، تاغ قۇشقاچى ئۇنى چالا قويماي
تېرىپ يەۋېتىدۇ.

تاغ قۇشقاچى ناھايىتى پايدىلىق بىر خىل قۇش بولغان-
لىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇۋا ياساش ئادىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان
ئۇۋا ساندۇقلىرىنى ياساپ، ئۇنى مېۋىلىك باغلار ۋە ئورمان-

لارغا ئېسپ قويغاندا، تاغ قۇشقاچلرنى كوپلەپ جەلپ قلش مۇمكن، بۇنىڭ بلەن ئۇلارنڭ مېۋىلك باغ ۋە ئورمانلقلارنڭ "ئامانلق ساقلغۇچى" لق رولنى تېخمۇ ئۈنۈملۈك جارى قلدۇرۇپ، زيانداش ھاشارەتلەرنى تېخمۇ كوپلەپ يوقاتقلى بولىدۇ.

## ھاشارەت يوقتش ماھرى — قالغاچ

زمستان قش پەسلى ئاخرلشپ، ھاۋا ئسسشقا باشلغاندا، ئەڭ دەسلەپ قالغاچلار ئۇچۇپ كېلپ ئنسانلارغا تەبەتنڭ ئويغنشدن خەۋەر يەتكۈزدۇ. ياز پەسلدە مەملكتمز ۋە ئاپتونوم رايونمزدا ماكانلشدغان قالغاچلار قشنى ئاۋستراليە قاتارلق جايلاردا ئوتكۈزدۇ. قالغاچنڭ ئۇچۇش ئقتدارى ناھايتى يۇقۇرى بولۇپ، مەيلى دېڭز - ئوكيان، دەريا - ئېقنلار، تاغ - ئېدر، ئېتز - دالىلار ياكى شەھەرلەرنڭ ئاسمنىدا ئوخشاشلا پەرۋاز قلپ، ئۈزۈنغچە توختماي ئۇچدۇ. ئۇ ئۇچقاندا، بردەم پەسلەپ ئۇچسا، بردەمدلا كوككە ئورلەپ پەرۋاز قلدۇ. ئۇ تېخى بەزدە سزگە "چاخچاق" قلپمۇ قويدۇ - دە، كوز ئالدڭزدن شۇڭغۇپ ئوتۇپ كېتدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ يولدا كېتۋاتقان ئادەملەر ياكى باشقا نەرسلەرگە پەرۋامۇ قلمايدۇ. مانا بۇ ئۇنڭ دەل زيانداش ھاشارەتلەرگە ھۇجۇمغا ئوتكەن پەيتدۇر. ئۇ كۆپنچە ئۇچۇپ يۈرگەن ھاشارەتلەرنى تۇتۇشقا ماھر كېلدۇ.



29 - رەسىم: قالغاچ

تەبىئەت دۇنياسىدىكى قالغا-
چىلارنىڭمۇ تۈرلىرى كوپ بو-
لۇپ، بىرقەدەر كوپرەك ئۇچرىيا-
دىغانلىرى ئۆي قالغىچى، يام-
غۇر قالغىچى قاتارلىقلاردۇر.
يامغۇر قالغىچىنىڭ گەۋدىسى
چوڭراق، قانىتى تار ۋە ئۇزۇن
بولۇپ، قانات ئەگىمىسى ئو-
غاققا ئوخشايدۇ. هاۋادا ئۇچقان-
دا ئىككى قانىتى خۇددى ئايى-
رۇپىلاننىڭ قانىتىدەك هەمىشە
كېرىلىپلا تۇرىدۇ. قۇيرۇق ئا-
چىمىغى قىسقا، قوساق قىسمىدىكى پەيلەر كۆلرەڭ قارامتۇل
كېلىدۇ. ئۆي قالغىچى يامغۇر قالغىچىغا قارىغاندا جۈغى كى-
چىكرەك بولۇپ، قانىتى قىسقاراق هەم كەڭ كېلىدۇ. ئۇچ-
قاندا ئىككى قانىتىنى قوساق تەرىپىگە قارىتىپ لەپىلدىتىپ
قېقىپ تۇرىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ پەيلىرى ئاقۇش رەڭدە بو-
لىدۇ. قۇيرۇق ئاچىمىغى ئۇزۇنراق بولۇپ، بەئەينى ئېچىلىپ
تۇرغان قايچىغا ئوخشايدۇ. ئۆي قالغىچى بىلەن يامغۇر قال-
غىچىنىڭ تۇغقانچىلىقى ناهايىتى يىراق بولۇپ، باشقا -
باشقا ئەترەتلەرگە تەۋەدۇر. يامغۇر قالغىچى بولسا، يامغۇر
قالغىچى ئەترىتىگە تەۋە، ئۆي قالغىچى بولسا، قۇشقاچسى-
مانلار ئەترىتىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆ-
زىتىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى
كورۇۋالغىلى بولىدۇ. يامغۇر قالغىچىنىڭ 4 بارمىقىنىڭ

ھەممىسى ئالدىغا قاراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ دەم ئېلىپ تۇر-
غاندا، دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، يەردىمۇ ماڭال-
مايدۇ. پەقەتلا تام ياكى قورام تاشلارنىڭ تىك يۈزىدە 4 بار-
مىقى بىلەن خۇددى قارماقتەك ئىلىنىپ ئېسىلىپ تۇرالاي-
دۇ. ئۆي قالغىچىنىڭ 3 بارمىقى ئالدىغا، بىرسى كەينىگە
قاراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ توختاپ دەم ئالغاندا، دەرەخ شاخ-
لىرى، تېلېفون سىملىرىنى مەھكەم قامالاپ تۇتۇپ تۇرالاي-
دۇ ۋە يەردىمۇ ماڭالايدۇ.

يامغۇر قالغىچى كۆپىنچە يۇقۇرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ
يۈرىدۇ. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل دەم ئالماي ئۇچۇش ئىقتىدارىغا
ئىگە ھەمدە ئۇچۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، سائىتى-
گە 160 — 150 كىلومېتىر ئۇچالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇۋى-
لىرىنى ئەسكى ئاملىقلارغا، مەچىت، مەدرىسلەر، مازارلار، قو-
رام تاشلار ئارىلىقلىرىدىكى چوڭقۇرراق يەرلەرگە ئەپچىللىك
بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇۋىسى تەخسە شەكلىدە بولۇپ سىر-
تىنى يوپۇرماق، لاتا - پۇرۇچلارنى لاي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ
ياساپ ئىچىگە يۇمشاق پەي - تۈكلەرنى سېلىپ، شولگەي
سۈيۇقلۇقى بىلەن يېپىشتۇرۇپ ياساپ چىقىدۇ. ئۆي قالغى-
چى تۈزلەڭلىكلەر، يېزا - بازارلار ۋە شەھەرلەردە كىشىلەر-
نىڭ ئۆي، پىشايۋانلىرىنىڭ لىم ياغاچ ياكى تورۇسقا يېقىن-
راق تامغا ئۇۋا ياسايدۇ. ئۇنىڭ ئۇۋىسى پىيالە چىنىگە
ئوخشايدۇ. ئۇۋا ياسىغاندا ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىن لايلار-
نى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن توشۇپ كېلىپ ئوت - چۆپ
غول - يىلتىزلىرى، تۈك - پەيلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ناھايىتى
سىپتە قىلىپ ياساپ پۈتتۈرىدۇ. ئۇۋا ئىچىگە يۇمشاق ماموق

تۇكلەر، يۇمشاق ئوت - چۆپلەرنى يېيىشىپ سالىدۇ.

ياڭغۇر قالغىچى بىلەن ئۆي قالغىچى ئوخشاشلا ھاشارەت يوقىتىشتىكى ماھىرلاردۇر. ياڭغۇر قالغىچىنىڭ بالىسىنى ئو- زۇقلاندۇرۇش قېتىم سانى ئانچە كوپ بولماستىن، بىر كۈن- دە 20 نەچچە قېتىمغا يېتىدۇ. لېكىن ئۇ ھەر قېتىمدا كەڭ ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ كېلىدىغان ھاشارەت سانىنىڭ كوپ- لۇگىگە كىشى ھەيران قالىدۇ. بالا بېقىۋاتقان مەزگىلىدىكى بىر دانە ياڭغۇر قالغىچىنى تۇتۇپ تەكشۇرگەندە، ئۇنىڭ ئاغزىدا پاشا، چىۋىن، كوك پىت قاتارلىق 300 دىن كوپ- رەك ھاشارەت بارلىقى ئېنىقلانغان. ئەگەر ئۇ بىر كۈندە بالىسىغا 20 قېتىم ئوزۇق يىگۇزىدۇ، دەپ ھېساپلىغاندا، جە- مى 6000 دانە زىيانداش ھاشارەتنى يوقىتىدۇ دىگەن سوز. بۇنىڭدىن پۈتكۈل بالا بېقىش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ يو- قىتىدىغان ھاشارەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كوپ بولىدىغانلىقىنى كو- رۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆي قالغىچى ئاساسەن تۇۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇپ ھەركەت- لىنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئېگىزرەك، ھاۋا تۇمانلىق يا- كى تۇتۇق بولغاندا، ھاۋا بېسىمى تۇۋەن، نەملىك يۇقۇرى بولىدىغانلىقتىن يەر بېغىرلاپ پەس ئۇچىدۇ. دېخانلار ئارى- سىدا "قالغاچ پەسلەپ ئۇچقاندا، ياڭغۇر ياغار شۇ ئاندا" دىگەن تەمسىل بار. دىمەك "قالغاچ ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات" بېرەلەيدۇ. ئۆي قالغىچى بالا بېقىۋاتقان مەزگى- لىدە ھەر كۈنى 130 قېتىمدىن كوپرەك سىرتقا چىقىپ - كېلىپ بالىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىر ئۇۋا ئۆي قالغىچى پۈتۈن ياز بويى بىر مىليون دانە

دىن ئارتۇق ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدى-
كەن. بەزىلەر مەلۇم بىر رايوندا، ئەتىياز، ياز پەسلىدە، 23
دانە قالىغاچنىڭ پوكىنىنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ يې-
گەن ئوزۇقلۇقى ئىچىدە ھاشارەتلەر 99.5% نى ئىگەللىگەن.
بۇلار ئاساسلىقى پاشا، كۇمۇتا، چىۋىن، ئالتۇن قوڭغۇز، قار-
غۇ چىرپاشكا، چىرپاشكا قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەردىن
ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، سالقىن كۈز شامال-
لىرى سوقۇپ يوپۇرماقلار توكۇلۇشكە باشلىغاندا، تېمپېراتۇ-
رىمۇ تەدرىجى توۋەنلەشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا ھەر خىل
ھاشارەتلەر يوشۇرۇنۇپ قىشلىق ئۇچەككە كىرىشكە تەييارلىنى-
دۇ. ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ بىرلا قېتىم كوپىيىپ بالا
چىقارغان قالىغاچلار ئوزۇقلۇقنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھىس قى-
لىپ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى
غىچە بولغان ۋاقىتتا بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ توپ - توپ
بولۇشۇپ، جەنۇپ ياقلارغا كوچۇپ كېتىدۇ، ئىككىنچى يى-
لى باھار بىلەن تەڭ ئۇلار يەنە ئارىلىقنى يىراق كورمەي،
بۇ ئېسىل يۇرت - ماكانىغا قايتىپ كېلىشىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇر خەلقى قالىغاچنى ناھايىتى ياخشى
كورۇپ ئاسرايدۇ. قالىغاچنىڭ ئوز ئويلىرىگە كېلىپ ئۇۋا يا-
ساپ ماكانلاشقانلىقىنى "بەخت شەپىسى، ئامەتتىن دېرەك بې-
رىدۇ" دەپ بىلىدۇ. قالىغاچنى ئولتۇرۇپ قويسا "يامان بولى-
دۇ"، "تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ" دەپ قاراپ،
قالىغاچنى ئاسراش ۋە ئۇنى قوغداش ئادەتلىرىنى شەكىللەن-
دۈرگەن. شۇڭا ئۇلار پىشايۋان، ئويلەرنىڭ تورۇسلىرىغا يا-

غاچ - تاختايلارنى مىخلاپ ئۇلارنىڭ ئۇۋا ياسىشىغا ئورۇن هازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ قالغاچنىڭ سىرلىق "ئەۋلىيا" قۇش بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن كېسەللىك ۋە ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ھەر خىل زىيان-داش ھاشارتلەرنى ماھىرلىق بىلەن كوپلەپ يوقىتىدىغانلى-قىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. قالغاچلارنىڭ كونا ئۇۋىلىرىغا قايتىپ كېلىدىغان ئادىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار گەرچە كۈز ۋە قىش پەسلىدە باشقا ياقلارغا كوچۈپ كەتسىمۇ ئەمما ئۇ-لارنىڭ ئۇۋىلىرىنى بۇزۇۋەتمەي ئاسرايدۇ. بىز بۇ خىل ياخشى ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## كېچىنىڭ ھوشيار كۈزەتچىسى — مۈشۈك ياپىلاق

كەڭ ئېتىزلاردا ھەر خىل زىرائەتلەر بولۇق ئوسۇپ، مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، خىلمۇ-خىل ئاشلىق ئوغرىلىرى غاجىلغۇچى ھايۋانلار دېخانلارنىڭ مېھنەت تېرى بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇندەك دانلارغا چاڭ سې-لىپ، ئوغرىلاشقا باشلايدۇ. بۇلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار-دىن: توشقان، ئامبار چاشقىنى، سېرىق چاشقان ۋە ھەر خىل دالا چاشقانلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئوتتۇر چىش، قوزۇق چىش، ئالدىنقى ئېزىق چىش ھەم ئېزىق چىش دەپ 4 خىل چى-شى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇر چىشى ئۆمۈر بويى ئوسۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ چىشى توختىماي ئوسۇپ تۇرغانلىقتىن، بىر نەرسىلەرنى غاجىلاپ تۇرمىسا، قىچىشىپ ئارام بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىل ھايۋانلار تىنماستىن بىر


نەرسىلەرنى غاجىلاپ چىشىنىڭ قىچىشىشىنى باسىدۇ. مۇشۇن-داق ئالاھىدىلىكى بولغانلىقتىن، ئۇلار غاجىلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. غاجىلىغۇچىلارنىڭ ئوتتۇر چىشى ياپىلاق بولۇپ، نەرسىلەرنى غاجىلاپ كېسىپ يېيىشكە ئىشلىتىدۇ. قوزۇق چى-شى ئۇچلۇق بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى پارچىلاشقا ئىشلىتىدۇ. ئالدىنقى ئېزىق چىشى ھەم ئېزىق چىشى يېمەكلىكلەرنى يانچىشقا ئىشلىتىدۇ.

غاجىلىغۇچى ھايۋانلار دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئەڭ ئەشەددى زىيانداشلىرىدۇر. ياۋا توشقانلارنى ئالدىغان بول-ساق، ئۇ چاتقاللىقلار، تاشلار ئارىسىغا موكۇنۇپ ياتسا، ئۇ-نىڭ توپارەڭ ساغۇچ تۈكلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن تاش، تو-پىلارنىڭ رەڭگى ئوخشاپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ زىرائەتلەرنىڭ غوللىرى-نى بەھوزۇر غاجىلاپ، يۇمران مايسىلارنى قىرقىپ يەيدۇ قوسىغى تويۇپ كەتسىمۇ يەنىلا چىشىنىڭ قىچىشىشىنى بېسىش ئۈچۈن، قىرقىشتىن توختىماي زىرائەتلەرنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. سېرىق چاشقانمۇ ئوخشاشلا زىرا-ئەت دانلىرى ۋە زىرائەت مايسىلىرىغا ئېغىر زىيانلارنى سا-لىدۇ. ئامبار چاشقىنىنىڭ دېخانچىلىق زىرائەتلىرىگە يەتكۈ-زىدىغان زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ قوۋۇزىدا خال-تىسى بولۇپ، خۇددى كىچىككىنە تاغارغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئوغ-رىلىغان ئاشلىقلارنى ئاشۇ خالتىسىدا توشۇپ ئۇۋىسىغا ئەكى-رىۋالىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىن-جاڭدىكى ئاشلىق تېرىلىدىغان بىنەملىكلەردە، دالا چاشقان-لىرىنىڭ بىر ئۇۋىسىغا 4 – 5 يۈزجىڭ ئاشلىق ئەكىرىۋال-

دىغانلىقى مەلۇم بولغان.

تەبىەت دۇنياسىدا بۇنداق "ئوغرى" لارنىڭ ئەدىۋىنى بې-
رىدىغان پايدىلىق قۇشلار خېلىلا كوپ. بولۇپمۇ مۇشۇك يا-
پىلاق بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى هۇشيار كۆزەتچى هىساپلىنىدۇ.
مۇشۇك ياپىلاق كورۇمسىز، سەت بىرخىل قۇش بولۇپ، بە-
ئەينى مۇشۇككە ئوخشايدۇ. ئۇ كېچىدە دۇشمىنىگە يولۇقۇپ
قالسا ياكى نەسىللىنىش مەزگىلدە ئوز هەمرىيىنى چاقىرغاندا
"هۇۋۇ! هۇۋۇ!" دىگەن ئاۋازدا سايرايدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى
"هۇقۇش" دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىل ئاۋاز يېقىمسىز ۋە سۇر-
لۇك بولۇپ، كىشىنى يىركەندۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن، كى-
شىلەر ئارىسىدا هۇقۇشنىڭ سايرىشى شۇملۇقتىن دېرەك بې-
رىدۇ، هۇقۇش ئۇۋۇلىغان يېزا ۋەيران بولۇپ، خارابىلىققا
ئايلىنىدۇ. "كىمنىڭ ئويى ئەتراپىدا هۇقۇش هۇۋۇلىسا، شۇ-
نىڭ ئويىدە ئادەم ئولىدۇ" دەيدىغان كوز قاراشلار مەۋجۇت.
ئەمىلىيەتتە مۇشۇك ياپىلاق بىرخىل پايدىلىق قۇش بولۇپ،
چاشقان تۇتۇشنىڭ پالۋىنى هىساپلىنىدۇ. ئۇ قەيەردە سايرى-
مىسۇن، ئوزىنىڭ بىرخىل ياشاش ئالاهىدىلىكى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ سايرىشى بىلەن شۇملۇق ياكى ئوڭۇشلۇقىنىڭ هېچقان-
داق مۇناسىۋىتى يوق. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز ئۇنىڭغا زىيان -
زەخمەت يەتكۇزۇپ ئوۋال قىلماسلىغىمىز لازىم.

مۇشۇك ياپىلاقىنىڭ بېشى يۇمۇلاق هەم يوغان كېلىدۇ.
پىشانىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيلىرى بولۇپ، تىك تۇرغان-
دا خۇددى قۇلاققا ئوخشايدۇ. ئىككى دانە يۇپ - يۇمۇلاق
چوڭ كوزى ناهايىتى سۇرلۇك كورۇنىدۇ. تۇمشۇغى قىسقا
ئىلمەك كېلىدۇ. پۇتۇن بەدىنىنى قاپلاپ تۇرغان پەي -



30 — رەسىم: مۈشۈك ياپىلاق

تۈكلىرى يۇمشاق، مامۇقتەك بولۇپ، ئۇچقاندا پەقەت ئاۋاز چىقمايدۇ. پۇتىدا كۈچلۈك تىرنىغى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ چاشقان تۇتىدىغان ئۆتكۈر قورالى ھېسابلىنىدۇ.

مۈشۈك ياپىلاق ئاساسەن تاغلىق ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ، دەرەخ كاماللىرىدا ئۇۋا ياسايدۇ. بەزىدە يېزا - كەنتلەرگە ئۇچۇپ كېلىپ ئوگزىلەردە ياكى باغلاردىكى دەرەخ شاخلىرى-

دا بىر پەس ئۇلتۇرۇپ دەم ئالىدۇ. سا كېچىلىك ئويـغۇسـ
دىن ئويغىنىپ، ئېتىز - قىرلاردا كۆزەتچىلىك قىلىشقا ماڭـ
غاندا، مۇشۇك ياپىلاق ئالىقاچان قوسىقىنى تويـغۇزۇپ قايـ
تىپ كېتىۋاتقان ياكى بولمىسا، ئۇۋىلىرىغا، دەرەخ شاخلىرىـ
غا قايتىپ بېرىپ شىرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان ۋاقتى بولـ
دۇ. دېمەك، مۇشۇك ياپىلاق كېچىچە باغلار، ئېتىزلارنى
ھۇشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ، قوغداپ، كۈندۈزى ئۇخلاپ ئا-
رام ئالىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئاۋاز دولقۇنىنى سېزىپ
پەرق ئېتەلەيدىغان قۇلىقى بولۇپ، بىرەر شەپە بولسىلا دەر-
ھال ئويغىنىپ، كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئاۋاز كەلگەن تە-
رەپكە دىققەت بىلەن قاراپ كۆزىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ
بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەيلەرمۇ تىك بولۇپ، ئەتراپتىـ
كى ھەممە نەرسىلەرگە ھۇشيار تۇرىدۇ.

مۇشۇك ياپىلاقنىڭ كوزى كۈندۈزى قارغۇدەك نۇرسىز كو-
رۈنىدۇ. كېچىلىرى بولسا، كوز نۇرلىرى ئوتكۇرلىشىپ چاقناپ
تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانـ
لارنىڭ كوز ئالمىسى ئىچىدە بىرخىل كورۇش نۇرلۇق پەر-
دىسى بولىدۇ. كورۇش نۇرلۇق پەردىسى ئىچىدە نۇر سەز-
گۈچى ئىككى خىل ھۇجەيرە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى كو-
نۇسسىمان ھۇجەيرە بولۇپ، بۇ كۈچلۈك نۇرنى قوبۇل قىلىپ
سېزىدۇ. كۈندۈزى نەرسىلەرنى كورۇشتە ئاساسلىقى مۇشۇ
ھۇجەيرىلەر رول ئوينايدۇ. يەنە بىر خىلى، سىلىندىرسىمان
ھۇجەيرىلەر بولۇپ بۇ ئاجىز نۇرلارنى قوبۇل قىلىپ سېزىدۇ.
گۇگۇم چۈشكەن ۋە كېچىدە نۇر ئاجىز بولغاندا نەرسىلەرنى
كورۇشتە، ئاساسلىقى بۇ خىل ھۇجەيرە رول ئوينايدۇ. ئادەمـ

نىڭ كۆزىدىكى كۆرۈش نۇرلۇق پەردىسى ئاساسلىغى كونۇسسىمان ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن. مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئاساسلىغى سىلىندىرسىمان ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۈشۈك ياپىلاق ئاجىز نۇرغا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. مۈشۈك ياپىلاق كۆزىنىڭ ئاجىز نۇرغا قارىتا سەزگۈرلۈگى ئادەم كۆزىدىن 100 ھەسسە يۇقۇرى بولىدۇ. شۇڭا، جىمجىت تۈن كېچىدە ئورمانلىق باغلار ۋە ئېتىزلاردا چاشقانلار تۇشۇكىدىن چىقىش بىلەنلا مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۈشۈك ياپىلاق ھەر سېكۇنتتا 2500 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋرىنىدىغان يۇقۇرى چاستوتىلىق ئاۋاز دولقۇنىنى سېزەلەيدۇ. كېچىدە چاشقانلار ھەركەتلەنگەندە چىقىرىدىغان ئاۋاز دولقۇنى دەل يۇقۇرى چاستوتىلىق دولقۇن دائىرىسىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاراڭغۇ كېچىلەردىمۇ مۈشۈك ياپىلاق چاشقانلارنى دەل ۋە ئەپچىللىك بىلەن تۇتالايدۇ. دېمەك، گەرچە مۈشۈك ياپىلاقنىڭ نامى يامان بولسىمۇ، ئەمما چاشقان يوقاتقۇچى پالۋان بولۇپ، ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنىڭ دوستىدۇر.

تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بىر دانە مۈشۈك ياپىلاق بىر ياز (5 ئاي) دا 315 دانە چاشقان تۇتۇپ يەيدىكەن. ئۇنىڭ يىگەن ئوزۇقلۇغىنىڭ 90% نى چاشقانلار تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر بىر دانە مۈشۈك ياپىلاق بىر يىلدا 600 دانە چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ دەپ ھىساپلىغاندا، ئۇنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن قوغداپ بېرىدىغان ئاشلىغى 2000 جىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. شۇڭا، مۈشۈك ياپىلاقنىڭ توھپىلىرىنى مۇئەييەنلەش-

تۇرۇپ، ئۇنى "شۇم قۇش"، "شۇملۇقنى چىللايدۇ" دەپ قوغ-
لاپ، زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىگىمىز، بەلكى ئۇنى ئاس-
رىشىمىز، قوغدىشىمىز لازىم.

## "ئورمان دوختۇرى" —— تومۇر تۇمشۇق

ئورمان، ئىنسانلارنى خىلمۇ - خىل تەبىئى بايلىقلار بى-
لەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ھەر خىل قۇشلار-
نىڭ ياخشى ماكانى ھېساپلىنىدۇ. قۇشلار ئورمانلىقلاردا ما-
كانلىشىپ ياشىغاندا مول يېمەكلىك مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ.
چۈنكى، ئورمانلىقتا ھەر خىل ھاشارەتلەرمۇ كۆپ بولىدۇ.
دەرەخلەرنىڭ غولى، قوۋزىقى ھەم ياغاچلىق قىسمى ئىچىدە
مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان زىيانداش قۇرۇتلار ماكانلىشىپ ياشاي-
دۇ. بىر تۈپ چوڭ دوپ دەرىخىدە نەچچە مىليون دانە قۇ-
رۇت ياشايدۇ. بىر تۈپ قارىغاي دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ئارى-
سىدا بىر كۋادرات مېتىر جايغا نەچچە مىڭ دانە قاسراق
قۇرۇت ۋە ئۇنىڭ لىچىنكىسى جايلاشقان بولىدۇ. بۇلار ئور-
مانلىقلاردا ئۆز مەيلىچە كۆپىيىپ، دەرەخلەرنىڭ نورمال ئۆ-
سۈشىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ. ھەتتا خىلمۇ - خىل كېسەل-
لىكلەرنى پەيدا قىلىپ پۈتكۈل ئورمانلىقلارنى قۇرۇتۇپ تاش-
لايدۇ. بۇلارنى ئادەم كۈچى بىلەن دورا پۈركۈش ئارقىلىق
يوقىتىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. بۇلارنى يوقىتىشتا بە-
زى قۇشلار ئىنسانلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ھېساپلىنىدۇ.

ئورمانلىقلاردىن ياكى باغلاردىن بەزىدە "توك!، توك!"،
"توك! توك!" قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ نىمىدىن

چىققان ئاۋاز؟ سىز پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇيدۇرماس-
تىن باققا قارايدىغان بولسىڭىز، بەدىنى قارامتۇل پەيلەر
بىلەن قاپلانغان، قانىتىدا ئاق داغلار بولغان، قوسىغى ئا-
قۇشراق كەلگەن كىچىكرەك بىر خىل قۇشنىڭ گوياكى
دوختۇرلار ئاغرىق كىشىنىڭ قوسىغىنى بارماق بىلەن چېكىپ
تەكشۈرۈۋاتقاندەك دەرەخلەرنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى توكۇل-
دىتىپ چوقۇلاپ يۈرگەنلىگىنى كورىسىز، مانا بۇ قۇش. "ئور-
مان دوختۇرى" — تومۇر تۇمشۇقتۇر. تومۇر تۇمشۇقنى بەزى-
لەر "جاڭگال دومباقچىسى" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئەركەك-
لىرىنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى قىزغۇچراق كېلىدۇ. ئۇ مەخ-
سۇس دەرەخ غوللىرىدىكى قۇرۇتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. شۇ-
ڭا دەرەخلەرنىڭ غوللىرىنى چوقۇلاپ يۈرۈپ، قايسى دەرەخ
قوۋزىقى ئارىسىدا قۇرۇت بولسا، ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ. بۇنىڭ
بىلەن دەرەخلەرنى قۇرۇتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالىدۇ
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئورمانلارنىڭ ياخشى دوختۇرى بولۇشقا مۇنا-
سىپتۇر.

تومۇر تۇمشۇق ئىگىز ۋە تىك ئۆسكەن دەرەخ غوللىرىدا
بەمالال ئايلىنىپ يۈرەلەيدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن سىرىلىپ كەت-
مەيدۇ؟ بۇ تومۇر تۇمشۇقنىڭ دەرەخلەرگە يامىشىشقا لايىق-
لاشقان ئالاھىدە تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناس-
ۋەتلىك. ئادەتتە قۇشلارنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۈچى ئالدى تە-
رەپكە، بىرسى كەينى تەرەپكە قاراپ كېرىلگەن بولىدۇ.
ئەمما تومۇر تۇمشۇقنىڭ ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئىككى بار-
مىقى ئالدىغا، ئىككى بارمىقى كەينىگە قاراپ كېرىلگەن بو-
لۇپ، ئوتكۇر ئىلمەك تىرناقلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرەخ



13 - رەسىم: تومۇر تۇمشۇق
(جاڭگال دۇمباقچىسى)

غولـلىرىنى قاتتىق قامالـلاپ تۇرالايدۇ ھەم دەرەخ شاخلىرىنى بويلاپ، بەدەن تەڭپۇڭلۇغىنى ساقلىغان ھالـدا بىمالال شاختىن - شاخقا سەكرەپ خالىغان يەرگە چىقالايدۇ. يەنە تومۇر تۇمشۇقنىڭ قاتتىق ھەم ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك قۇيرۇغى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن دەرەخ غولىغا مەھكەم تىرەجەپ تىك تۇرالايدۇ.

تومۇر تۇمشۇقنىڭ تۇمشۇغى خۇددى پولات ئىسكىنىدەك ئۆتكۈر، بولۇپ دەرەخ قوۋزىغىنى چوقۇلىغاندا، "توك! توك!" قىلىپ چىققان ئاۋاز، باشقا شېرىكلىرىنىڭ تېزلىكتە كېلىپ قۇرۇتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن سىگنال بولىدۇ. تومۇر تۇمشۇقنىڭ تىلى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. تىلىنىڭ ئۈستىدە ئىلمەكلىك تىرىپلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت يېپىشقاق سۈيۇقلۇق بولىدۇ. تومۇر تۇمشۇق قوۋزاقلار ئارىسىدىكى زىيانداش قۇرۇتلارنى ئاشۇ ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە تىلى بىلەن يالماپ ئالىدۇ. ئەگەر قۇرۇتلار بەك كىچىك ياكى تۇخۇملىرى بولغان تەقدىردە، ئۇنى تىلىنىڭ ئۈستىدىكى يېپىشقاق سۈيۇقلۇق ئارقىلىق بىۋاستە يېپىشتۇرۇپ ئالالايدۇ. تومۇر تۇمشۇقنىڭ ھەر قېتىمقى چوقۇلىشى دەل جايىغا تېگىپ، زىيانداش قۇرۇتلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زىيانداش قۇرۇتلار دەرەخ غولىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇن-

غان بولسىمۇ، تومۇر تۇمشۇق بىرلا چوقۇش بىلەن ئۇنى
تارتىپ چىقىرالايدۇ.

سوگەت تۇگۈنەك قۇرۇتى سوگەتنىڭ قوۋزىقى ئارىسىدا
يېتىپ يوشۇرۇن زىيان سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوگەت شاخ-
لىرى تۇگۈنەك بولۇپ ئۇسۇپ چىقىدۇ. تومۇر تۇمشۇق سو-
گەت تۇگۈنەكلىرىنى چوقۇپ تېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىشلا-
ۋاتقان قۇرۇت لىچىنكىلىرىنى يوقىتىدۇ. سوگەتلىكلەردە ئال-
تۇن قوڭغۇز پەيدا بولغاندا، ئۇلارنىڭ قىشتىن چىققان لى-
چىنكىلىرىنىڭ 97.7% — 97 نى تومۇر تۇمشۇق يەپ،
ئۇلار ئەۋج ئېلىشتىن بۇرۇنلا پاك - پاكىز ئۇجۇقتۇرۇپ
تاشلاپ، سوگەتلەرنى زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا، كانادا تېرىگى ئورمانلىقىدا تومۇر تۇمشۇق ماكانلاش-
سا، ئۇزۇن تۇمشۇق قوڭغۇز ھېچقانداق زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ.
تومۇر تۇمشۇقنىڭ قۇرۇت يوقىتىش رولىنى ئىسپاتلاش ئۇ-
چۈن مەلۇم بىر ئورمان تەتقىقات ئورنى، ئەسلىدە قۇرۇت
پەيدا بولمىغان ئورمانلىق ئىچىگە ئۇزۇن تۇمشۇق قوڭغۇز
زىيان سالغان دەرەختىن كېسىلگەن كالتەكلەردىن 22 تالنى
ئېسىپ قويغان. بۇ كالتەكلەردە يوشۇرۇنغان 136 دانە ئۇ-
زۇن تۇمشۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىدىن تومۇر تۇمشۇق بىر قىش-
تا 117 دانىسىنى تېپىپ يەۋەتكەن. بۇ كالتەكلەردىكى قۇ-
رۇت ئومۇمى سانىنىڭ 86% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## بەقەسەم تونلۇق ساقچى — ھوپۇپ

ئادەتتە، باغلاردا ياكى ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا پەيلىرى
ئالا - چىپار كەلگەن، تاجىسى چىرايلىق بىر خىل قۇشنىڭ

مۋىلىك دەرەخ تۈۋى ياكى سەي - كوكتاتلار ئارىسىدا نىـ
مىدۇر بىر نەرسىلەرنى ئىزدىگەندەك، ئۇزۇن تۇمشۇغى بىلەن
توپىسىنى چوقۇلاپ يۈرگەنلىگىنى كورىسىز. ئۇ بەزىدە ئۇگزە
ياكى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ "هوپۇ - پوپ! هوپۇ -
پوپ!" دەپ ئۇزۇك ئاۋازلاردا سايراپمۇ قويىدۇ. ئۇ مۋىلىك
باغلار ۋە سەي - كوكتاتلىقلارنىڭ ياخشى مۇهاپىزەتچىسى
"بەقەسەم تونلۇق ساقچى" — هوپۇپتۇر.

كوكتات ۋە مۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى
كوك پىتتۇر. كوك پىتنىڭ كوپىيىش ئىقتىدارى ناهايىتى
كۈچلۈك بولۇپ، بىر تال كوك پىتنىڭ كوپىيىشى بويىچە
هىساپلىغاندىمۇ كىشىنى چوچۇتىدۇ. ئەگەر كوك پىتنىڭ يا-
شاش شارائىتى نورمال بولىدىغان بولسا، بىر تال كوك پىت
كوپىيىپ بىر يىلدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت
قاپلاپ كېتىدۇ. هاۋا ئىسسىق، نەملىك يۇقۇرى بولغان يىلـ
لىرى كوك پىت تېخىمۇ تېز كوپىيىپ، كوكتات، مۋىلىك
دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى پۈتۈنلەي قاپلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ شىر-
نىلىرىنى، شوراپ قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ. كوكتاتلىقلار، باغلاردا
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ ئايلىنىپ يۈرگەن كېپىنەكلەر سەي -
كوكتاتلارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇ تۇخۇملار
تېز يېتىلىپ تۈكلۈك قۇرۇتقا ئايلىنىدۇ. تۈكلۈك قۇرۇتلار
كوكتاتلارنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى يەپ هوتىمە - توشۇك
قىلىۋېتىدۇ - دە، زور زىيانلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇندىن باشـ
قا چىڭسەيلەرگە ئومۇلەپ چىقۋالىدىغان بىر خىل كىچىك
قوڭغۇزلار ناهايىتى چاققان بولۇپ، خۇددى بۈرگىدەك سەكـ
رەپ يۈرىدۇ. بۇمۇ تۈرۈپ، قىچا، كاللەك بەسەي قاتارلىقلار،

كوكتات ۋە زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى غاجىلاپ ئۇتمە -
توشۇك قىلىپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ھوپۇپ دەل باغلار ۋە
كوكتاتلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاشۇ زىيانداش ھاشارەتلەرنى
ئىزلەپ تېپىپ ئەدىۋىنى بېرىدىغان ساقچىدۇر.

ھوپۇپنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى ناھايىتى گوزەل بولۇپ،
قوڭۇر رەڭلىك كەلگەن پەيلىرى ئارىسىغا ئاپپاق پەيلەر ئار-
لاشقان، قارىماققا خۇددى بەقەسەم تون كىيىۋالغاندەك كورۇ-
نىدۇ. ھەر قېتىم سايرىغاندا، پەي تاجىسى يەلپۈگۈچتەك ئې-
چىلىپ تېخىمۇ چىرايلىق تۇسكە كىرىدۇ. ئۇنىڭ تۇمشۇغى
بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە ئىلمەكرەك كەلگەن بولۇپ، تۇپراق ئى-
چىگە يوشۇرۇنغان زىيانداش ھاشارەتلەرنى كولاپ ئېلىشقا
ماسلاشقان. ھوپۇپ پەسىللىك قۇش بولۇپ، ئۇنى ئاسىيا،
ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدا، جۇملىدىن
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى
رايونلاردا ئۇخشاشلا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ھوپۇپ كوپىنچە تومۇر تۇمشۇقىنىڭ تاشلىۋەتكەن كونا ئۇ-



32 - رەسىم: ھوپۇپ


ۋىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇخۇم باسىدۇ. چىشى ھوپۇپ كۆپـ
يىش مەزگىلىدە قۇيرۇغىنىڭ ئاستىدىكى بەزلەردىن بىر خىل
ئۆتكۈر سېسىق پۇراقلىق مايسىمان سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىـ
قىرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇۋىسى ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ.
بۇنىڭغا قاراپ، بەزىلەر ئۇنى "سېسىق ھوپۇپ" دەپمۇ ئاتايـ
دۇ. ھوپۇپ ئۇۋىسى تولىمۇ سېسىق پۇرايدىغانلىقتىن، ھوپۇپ
ئۇۋىلىغان ئۇۋىلارغا باشقا قۇشلار ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھوپۇپ 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا
تۇخۇم بېسىپ، بالا چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئەتىدىن كەچكىـ
چە مىۋىلىك باغلار، سەي - كوكتاتلىقلار ۋە ئېتىز - ئېـ
رىقلاردا يۈرۈپ سىم قۇرۇت، ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇز لىچىنكىـ
سى، موزايىۋېشى قاتارلىق ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى
تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىكىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى
ھاشارەتلەر تەشكىل قىلىدۇ.

## ھاشارەت يوقىتىشتىكى ياخشى ياردەمچى — سۇڭگۇچ

4 -، 5 - ئايلاردا، ھويلا - ئارام ئەتراپىدىكى كوكتاتلىقـ
لار، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا قۇيرۇغىنى توختىماستىن يۇقۇـ
رى - تۆۋەن لىكىلدىتىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەن
قۇش — سۇڭگۇچتۇر.

سۇڭگۇچنىڭ چوڭلۇقى قۇشقاچچىلىك بولۇپ، دۇمبىسى قارا،
قوسىقى ئاقۇش كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇڭگۇچنىڭ
4 خىلىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىر خىل سۇڭگۇچنىڭ ئىكـ
كى مەڭزى ئاق بولغانلىقتىن، ئاق يۈزلۈك سۇڭگۇچ دەپمۇ



33 - رەسىم سۇڭگۈچ

ئاتىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ چوقىسى سېرىق، بەزىلىرىنىڭ ئاق (بۇنى بەزىلەر ساندىقتا تاز دەپمۇ ئاتايدۇ) كېلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قوسىغى سېرىق ياكى كۆل رەڭ، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ.

ئاق يۈزلۈك سۇڭگۈچ ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، ئازگال - كولچەك ئەتراپى قاتارلىق سۇغا يېقىن جايلاردا ھەركەتلىنىشنى ياخشى كورىدۇ.

سۇ مەنبەسىگە يېقىنراق بولغان كوكتاتلىقلار ۋە ئېتىزلارنىڭ تۇپرىقى نەم بولۇپ، ھەر خىل ھاشارەتلەرمۇ كوپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ جايلار ئاق يۈزلۈك سۇڭگۈچنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دائىم كوكتاتلىقلارنىڭ قىرلىرى، ئېرىق بويلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئوزۇق ئىزدەيدۇ. بەزىدە كوكتاتلارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا قونۇپمۇ ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ يۈگۈرۈشكە، سەكرەشكە ۋە ئۇچۇشقا ماھىر بولۇپ، قوڭغۇز، ئاق كېپىنەك، چېرىلداق، چېكەتكە قاتارلىق ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى كوپلەپ يەيدۇ. بەزىدە چىۋىن، پاشا قاتارلىقلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ.

ئاق يۈزلۈك سۇڭگۈچ ئاساسەن دەرەخلەرنىڭ كامالىرى، تام توشۇكلىرى، كوۋرۈك ئاستى، چاتقاللىقلار ۋە ئېتىز - دالىلاردىكى ئورچەكلەردە ئۇۋا ياسايدۇ. بالا بېقىش مەزگىلىدە

ئانا قۇشلار نەچچە يۈز مېتىر يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئوزۇق تېپىپ كېلىپ باللىرىنى تويغۇزىدۇ. بۇ جەرياندا ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ ئۇرغۇنلىغان زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇ يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولۇپ، كىشىلەر توپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان يەردىمۇ ھېچبىر ئەندىشىسىز ھالدا يۈگۈرۈپ، سەكرەپ، ئۇچۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

ھۆپۈپ، سۈگۈگۈچلەر ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان قۇشلار بولۇپ، سۈنئىي ئۇۋا ساندۇغى ياساپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇۋىنى ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، تاغ قۇشقاچىنىڭ ئۇۋا ساندۇغى نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ ياسىسا، ئۇلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش مۇمكىن.

## قوشچى دىخاننىڭ دوستى — شاخ سانىغۇچ


رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، قەدىمقى زاماندا بىر دىخان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كۈن بويى كىشىلەرنىڭ يېرىنى ھەيدەپ جاپالىق بىلەن ئىشلىسىمۇ قوسىغى توق، كىيىمى پۈتۈن بولمايدىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر خىل قۇشقاچنىڭ دىخانغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىخان قوش ھەيدىگەندە دەيدىغان گەپلىرىنى ئۆگىنىپتۇ. دىخان قوش ھەيدىگەندە، ئۇ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ دوراپمۇ قويىدىكەن، كۆپ ھاللاردا دىخاننىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، قۇرۇت، قوڭغۇز، پاشا، چىۋىن قاتارلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەپ دىخانغا ياردەم قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ دىخان بىلەن ياخشى دوست بوپتۇ. دىخان ھېرىپ-

چارچاپ ھالىدىن كەتكەندە، ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ
يېقىملىق ئاۋازلاردا سايراپ، دېخاننىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن.
بىر كۈنى ئۇ قۇشقاچ دېخانغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم قىلىپ
ئۇنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىتىش مەقسىدىدە ئۇنىڭدىن قوش
ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. دېخان قۇشقاچ-
قا: "ئەگەر سەن قوش ھەيدەشنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ئۇ-
چى بىلەن تۈۋى ئوخشاش تومۇرلۇقتىكى قوش تايىغىدىن بىر
تال تېپىپ كەلگىن، شۇ ۋاقىتتا مەن ساڭا ئۆگىتىپ قويى-
مەن" دەپتۇ. قۇشقاچ ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بىر شاخ-
تىن يەنە بىر شاخقا قونۇپ، بىر ئۇچىغا، بىر تۈۋىگە قاراپ
"چىك! چىك! بولمايدۇ" دەپ، يەنە باشقا شاخلارغا قونۇپ،
ئۇچى بىلەن تۈۋى ئوخشاش تومۇرلۇقتىكى قوش تايىغى ئىز-
دەشكە كىرىشىپتۇ. شۇنداق داۋام قىلىپ كۈنلەر، ئايلار،
يىللار ئۆتۈپ، تا ھازىرغىچە بۇ خىل تاياقنى تاپالماي كەپتۇ.
شۇنداق بولسىمۇ قۇشقاچ زېرىكمەستىن يەنىلا ئىزدەشنى داۋام
قىلدۇرماقتا ئىكەن. كىشىلەر بۇ قۇشقاچنىڭ دېخانغا ياردەم
بېرىش مەقسىدىدە ئەستايىدىللىق بىلەن قوش تايىغى ئىزدەۋاتقان
ئىرادىسىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى تۇراقسىز، شاختىن-شاخ-
قا قونۇپ يۈرىدىغان قۇشقاچ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا "شاخ
سانىغۇچ" دەپ ئات قويۇشقان ئىكەن.

رىۋايەتتە گەرچە شاخ سانىغۇچنىڭ دېخانغا ياردەم
بەرگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ
دەرەخ شېخىنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكى خاتا چۈشەندۈرۈلگەن.
ئەمەلىيەتتە، شاخ سانىغۇچنىڭ دەرەخ شاخلىرىدا بىر ئۇ-
ياققا، بىر بۇياققا قاراپ يۈرگەنلىكى، قوش تايىغى ئىزدى-

گەنلىگى بولماستىن، دەرەخ شاخلىرىدا يۈرگەن زىيانداش هاشارەتلەرنى ئىزدەپ يۈرگىنىدىن ئىبارەت.

شاخ سانغۇچ پەسىللىك قۇش بولۇپ، جەنۇبى شىنجاڭ رايونىدا 5 - ئايلاردا پەيدا بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى شاخچى تورغاي دەپمۇ ئاتايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا كوپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ چوڭلۇغى ئاق قۇشقاچتەك بولۇپ، دۇمبىسى قارامتۇلراق، قوساق قىسمى ئاقۇش يېشىلراق كېلىدۇ.



34 - رەسىم شاخ سانغۇچ

يېقىملىق ئاۋازدا سايرايدۇ. هەرىكىتى ناهايىتى چاققان، سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇ دەرەخ شاخلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، چىرپاشكا، ئالتۇن قوڭغۇز، چىرپاشكا قوڭغۇزى، يوپۇرماق كوك پىتى، تۇن پەرۋانىسى لىچىنكىسى، هەر خىل پەرۋانىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇخۇم، قۇرۇتلىرىنى تېرىپ يەيدۇ. دەرەخ شاخلىرىنىڭ هىچبىر يەرلىرىنى ئالا قويماي هۇشيارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ دەرەخ شېخىغا قونغاندا ئۇياق - بۇياققا قارىشى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. شاخ سانغۇچمۇ تورغاي، بۇلبۇل، قۇرغۇي قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا باغلاردىكى زىيانداش هاشارەتلەرنى يوقىتىش ماهىرىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا سۇنئى ئۇۋا ساندۇقلىرىنى ياساپ ئېسىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كوپلەپ جەلىپ قىلىپ، زىيانداش هاشارەتلەرنى يوقىتىش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم.

## سۇپى ـ سۇپىياڭنىڭ توھپىسى

تومۇر تۇمشۇق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غولىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئورمانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدۇ. دەرەخلەرنىڭ غولىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ بۇك باراقسان ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان زىيانداش ھاشارەتلەر ياشايدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن قارىغاندا، ئاسمىر دەرىخىنىڭ بىر دانە يوپۇرمىغى ئۈستىدە قىزىل ئومۇچۇكتىن 80 دانىسى يۆگۈرۈپ يۈرىدىكەن. دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بۇ زىيانداش ھاشارەتلەرنى قانداق يوقىتىش كېرەك؟ بۇنىڭدا بىر خىل ئۇسۇل، ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى چېچىش ئارقىلىق يوقىتىش مۇمكىن. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، دورا تەككەن ئورۇندىكى ھاشارەتلەر ئۆلگەن بىلەن يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىگە يوشۇرۇنغان ھاشارەتلەر يەنىلا ئۆلمەي، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە سۇپى ـ سۇپىياڭنىڭ توھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، بىزگە ياخشى ياردەم بېرىدۇ.

سۇپى ـ سۇپىياڭ ئادەتتە سېرىق قۇشقاچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياز پەسىللىك قۇش بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىدۇ. 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئاندىن شىمالىي شىنجاڭدىكى ئورمانلىقلاردا پەيدا بولىدۇ. 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم بېسىپ بالا چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى

سېرىق، بېشىنىڭ چورىسى قاپقارا ، قانات ۋە قۇيرۇقلىرى ئارىسىدا قارا، سېرىق پەيلەر ئارىلاشقان بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كورۇنىدۇ. چىشىسىنىڭ رەڭگى سۇسراق يېشىل بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. يېقىملىق ئاۋازدا سايرايدۇ.



35 - رەسىم: سۇپى - سۇپىياك

سۇپى - سۇپىياكنىڭ ئۇۋىسى كەندىر تالالىرى، ئوت - چوپ غوللىرى، قىل قاتارلىقلاردىن سىپتە ۋە چىرايلىق توقۇپ ياسالغان بولۇپ، خۇددى بىر كىچىك سىۋەتكە ئوخشايدۇ. ئۇۋىسى ئۇزىگە سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ كىچىك بولۇپ، يەڭگىل بولىدۇ. ئۇنى ئىگىز ئوسكەن دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويىدۇ. بوران، يامغۇرنىڭ زەربىسىدىنمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. سۇپى - سۇپىياك باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ھەر كۇنى تىنىم تاپماي ئوزۇقلۇق توشۇپ كېلىپ باللىرىنى باقىدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىكىنىڭ 95% تىن كوپرەكىنى ھاشارەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. سۇپى - سۇپىياك ئاساسلىق يوقىتىدىغان ھاشارەتلەر بولسا، ئورمانلىقنىڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان قارىغاي تۇكلۇك قۇرۇتى، زەھەرلىك پەرۋانە، مىللوپا قۇرۇتى، قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ لىچىنكىسى، گەز قۇرۇت، ماي قوڭغۇز، ئۇزۇن بۇرۇن قوڭغۇز، چىپار قوڭغۇز، چىرپاشكا، تومۇزغا، يەر يولۋسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سۇپى - سۇپىياك پەقەت ئورمانلىقلاردىلا ھەركەتلىنىپ

قالماستىن، بەزىدە ئورمان ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلارغا بېرىپ، زىرائەت باشاقلىرىدىكى چىرپاشكا، قوڭغۇز قانارلىقلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. سۇپى - سۇپىياڭ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى هاشارەتلەرنى يوقىتىشتا ناهايىتى ئەستايىدىل بولۇپ، قانداقلا دەرەخ بولمىسۇن، ئوخشاشلا "زىيارەت" قىلىپ تۇرىدۇ. هەتتا يېڭىدىن تىكىلگەن قارىغاي كوچەتزارلىقىنىمۇ بېرىپ، زىيانداشلارنى يوقىتىدۇ. پەن - تېخنىكا خادىملىرى مەلۇم بىر رايوندا 45 دانە سۇپى - سۇپىياڭنىڭ قوسىقىنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ يېگەن ئوزۇقلۇقىنىڭ 95.17% نى هەر خىل زىيانداش هاشارەتلەر تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئورمانلىقلاردىكى زىيانداش هاشارەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن دورا چاچقاندا، سۇپى - سۇپىياڭ دورا بىلەن زەهەرلەنگەن هاشارەتلەرنى كۆپلەپ يەۋالغىنى ئۈچۈن ئۆزىمۇ زەهەرلىنىپ ئۆلۈپ قالىدىغان ئەهۋاللارمۇ بايقالغان. شۇڭا، ئورمانلىقلارغا دورا چاچقاندا، هەر خىل پايدىلىق قۇشلارنىڭمۇ زەهەرلىنىپ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش لازىم.

## 9. قۇشلارنى قانداق تەتقىق قىلىش كېرەك؟

قۇشلارنى تەتقىق قىلىش دىگەنلىك، قۇشلارنىڭ تەبىەت دۇنياسىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى، ياشاش ئالاھىدىلىگى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ نەسىللىنىش، كۆپىيىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش دىمەكتۇر. بۇ، قۇشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەم ئىقتىسادى ئەھمىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى ئاسراش ۋە قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قۇشلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىگى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن مەلۇم بىر رايوندا قانچە خىل قۇشلارنىڭ بارلىغىنى ھەم ھەر بىر خىلنىڭ سانىنى ئېنىقلىغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۈر-كۈمىنىڭ ماكان ۋە زاماندىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى پەرەز قىلىپ بىلىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈركۈملىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قانچىلىك پايدا ياكى زىيان كەلتۈرىدىغانلىغىنى ئالدىن مولچەرلەپ، دىخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ زىيانداشلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ مۇۋاپىق پىلان - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كەڭ ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئورنى مۇقىم بولمايدۇ. گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غا-

يىپ بولۇپ تۇردۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ھەرقايسىلىرىنىڭ
ئوخشاش بولمىغان پائالىيەت دەۋرلىرى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال
قۇشلارنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ھېساپلاشقا نىسبەتەن
ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ،
كۆزىتىلىدىغان ۋە تەتقىق قىلىنىدىغان ئوبيېكتى ۋە تەتقىقات
مەقسىدىگە ئاساسەن، قۇشلارنىڭ سانىنى ھېساپلاشتا، ئادەت-
تە ئىستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇ-
سۇل كىچىك رايون دائىرىسىدىكى قۇشلارنىڭ سانىنى
ئېنىقلاشتا بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئالدى بىلەن 10
مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تېپىك بولغان بىر رايوننى تال-
لىۋېلىش كېرەك. بۇ تاللىۋېلىنغان رايون ئەلاجى بار
100 × 100 مېتىرلىق توت چاسا شەكىلدە بولۇشى كېرەك.
بۇ رايوننى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، چاسا دائىرىسىنى بىر
نەچچە كىچىك "رايون" لارغا ئايرىتىش، ئاندىن بۇ كى-
چىك "رايون" لارنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇش لازىم. بى-
كىچىك "رايون" ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل قۇشنىڭ ئۇۋۇ،
ياساش مەزگىلىدىكى سانىنى، قۇش ئۇۋىلىرىنىڭ شەكلى،
تۈزۈلۈشى ۋە ئومۇمى سانىنى خاتىرىلىۋېلىش لازىم. قۇشلار-
نىڭ ھەر بىر ئۇۋىدا تۇغىدىغان تۇخۇمىنىڭ سانىغا ۋە با-
لا چىقىرىش ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ بۇ خىل قۇشلارنىڭ
موشۇ بىر كىچىك "رايون" ئىچىدىكى ئومۇمى سانىنى تەخ-
مىنەن ھېساپلاپ چىقارغىلى بولىدۇ. ھەر بىر كىچىك
"رايون" دائىرىسى ئىچىدىكى ھېساپلاپ چىقىلغان قۇشلار-
نىڭ سانىغا ئاساسلىنىپ، پۈتكۈل رايون دائىرىسىدىكى
قۇشلارنىڭ ئومۇمى سانىنى ھېساپلاپ چىققىلى بولىدۇ.

چوڭ كولەملىك دائىرىدىكى قۇشلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن ئىستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھىساپلاش بىرقەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ ئادەتتە كۇۋادىرات كىلومېتىرنى ئاساسى بىرلىك قىلىپ، رەقەم بىلەن ئىپادە قىلىنماستىن بەلكى تۈركۈم سانى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر خىل قۇشنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىدىكى سانىنى ھىساپلىغاندا، ئەگەر بىر كۇۋادىرات كىلومېتىر دائىر ئىچىدە 10 جۈپتىن كۆپ بولسا، ئۇ ”كۆپ تۈر“ دېيىلىدۇ. ئەگەر 10 ـ 5 جۈپقىچە بولسا، ئۇ ”ئادەتتىكى تۈر“ دېيىلىدۇ. ئەگەر ئاران بىر جۈپ ئەتراپىدا بولسا، ئۇ ”ئاز ئۇچرايدىغان تۈر“ دېيىلىدۇ.

ئېتىز ـ داللار ياكى ئېدىرلاردا، يەر ئۈستىدە ئۇۋا ياسايدىغان قۇشلارنىڭ سانىنى ھىساپلىغاندا، ئاغامچا تارتىپ ھىساپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا، ئىككى ئادەم 25—20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاغامچىنى بېلىگە باغلاپ، ئوزئارا ئارىلىقىنى 20 ياكى 25 مېتىر قىلىپ بىر خىل يۆنىلىشكە قاراپ تەڭ قەدەم بىلەن ئالدىغا ماڭىدۇ. يەرگە سۆرىلىپ ماڭغان ئاغامچا ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى ياكى ئۇۋىلىرىدىكى قۇشلارنى ئۈركۈتۈپ چىقىدۇ. يەر ئۈستىدىكى ئورەكلەردە ئۇۋا ياسايدىغان قۇشلار قىمىرلىماي يېتىۋېلىپ، ئاغامچا سۆرىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئۈچىنچى بىر ئادەم ئاغامچىنىڭ كەينىدىن بىرگە مېڭىپ، ئاغامچا سۆرەپ ماڭغان دائىرە ئىچىدىكى ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلارنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەش كېرەك. ئەگەر ئاغامچا سۆرەپ ماڭغان يول (بۇ قەدەم بىلەن ھىساپلىنىدۇ) ۋە كەڭلىك

(يەنى 20 — 25 مېتىر) مەلۇم بولسىلا، بىر كۇۋادىرات كىلومېتىر دائىرىدىكى بۇ خىل قۇشنىڭ سانىنى تەخمىنەن ئىستاتىستىكا قىلىپ ھىساپلاپ چىققىلى بولىدۇ.

ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان قۇشلارنىڭ سانىنى، ئاڭلاش ۋە كورۇش سەزگۈ دائىرىسى بويىچە پەرەز قىلىپ بەلگىلەپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قۇشلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئاۋازى بىلەن پىششىق تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر خىل قۇشنىڭ سانىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان ئارىلىقنى ئولچەش كېرەك. ئارىلىقنى ئولچەشتە، 5 — 6 ئادەمنى تەشكىللەپ، قۇش سايرىغان يەرگە يېقىنراق يەردە بىر ئادەم يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، بۇ سايراۋاتقان قۇشنى ئېنىق كورۇۋېلىش لازىم. ئەمما ئۇنى ئۇركۇتۇۋەتمەسلىك كېرەك. قالغان كىشىلەر ئورمان ئىچىدە ئۇز ئارا بەلگىلىك ئارىلىق قويۇپ قاتارلىشىپ مېڭىش لازىم. قۇش سايراشقا باشلىغاندا، بۇ ئارىلىقنى ئولچەپ چىقسىلا، بۇ قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان جاينىڭ ئارىلىغىنى بىلگىلى بولىدۇ. قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان ئارىلىقنى ئولچەپ چىققاندىن كېيىن، ھىساپلاشنى باشلاشقا بولىدۇ. مېڭىش تېزلىگى ھەر سائەتتە 3 كىلومېتىر بولۇپ، سانىنى ئېلىۋاتقان قۇشنى كورگەن ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال خاتىرىلىۋېلىش لازىم. سانىنى ئېلىۋاتقان قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان دائىرىنىڭ كەڭلىگىدىن ئاشۇ رايوننىڭ ئومۇمى دائىرە كەڭلىگى بىر ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئەگەر قۇشنىڭ سانىنى ئېلىۋاتقان دائىرىسىنىڭ ئۇزۇن-

لىۋغى ۋە قۇشنى بايقىغان دائىرىنىڭ كەڭلىگى مەلۇم بولسىلا، بىر كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل قۇشنىڭ ئومۇمى سانىنى ناھايىتى ئاسان ھېساپلاپ چىقار-غىلى بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ تەكشۈرۈلگەن ھەرقايسى رايونلاردىكى تارقىلىش ئەھۋالى تارقىلىش زىچلىغى ۋە ئومۇمى سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئارقىلىق تۈر تۈركۈملىرى ئارىسىدىكى نەسىللىنىپ كۆپىيىش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىۋالغىلى، شۇ رايوندىكى كۆپ سانلىق تۈرلەرنى ئېنىقلاپ نۇقتىلىق ھالدا تەتقىق قىلىشقا ، ھەم ئۇلارنى زىياندىش ھاشارەتلەرنى يو-قىتىشتا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، قۇشلار مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىش-چان مۇھىت ئىچىدە ياشاپ، بەلگىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. توت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە، ھەممىلا جاي-لاردا قۇشلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بەزى قۇشلار ئۆمۈر بو-يى بىر رايوندا تۇراقلىشىپ ياشاپ، باشقا جايلارغا بارمايدۇ. كۆپىنچە قۇشلار بولسا مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە پەسىل ئۆزگى-رىشىگە قاراپ، ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچۈپ يۈرىدۇ. بۇنداق كۆچكەن قۇشلارنىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىغىنى ئۇلارنىڭ كۆ-چۈش سەپىرى ئۈستىدە قايسى ئەللەر ۋە رايونلاردىن ئۆتى-دىغانلىغىنى تەتقىق قىلىش، قۇشلار تەتقىقاتىدا زورۇر ۋە مۇرەككەپ بىر مەسىلىدۇر. بۇنداق كۆچمەنچى قۇشلارنى تەتقىق قىلىشتا، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تا ھازىرغا قەدەر ھالقا بىلەن بەلگە سېلىش ئۇسۇلى كەڭ كۆ-لەمدە قوللىنىلماقتا. بۇنىڭدا قۇشنىڭ پۇتىغا ئاليۇمىن ياكى

باشقا يەڭگىل مېتاللاردىن ياسالغان، ئۈستىگە ھەرپ ۋە نۇ-
مۇر يېزىلغان ھالقا سېلىنىپ ئاندىن قۇش قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ
خىل ئۇسۇل بىلەن قۇشلارنىڭ كۆچۈش يوللىرى، ئارىلىقى،
كۆچۈشتىكى ئۇچۇش سۈرئىتى، قىشلايدىغان ياكى نەسىللىنىپ
كۆپىيىدىغان ئورۇنلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئادەت-
تە "ھالقا سېلىش ئۇسۇلى" دېيىلىدۇ. قۇش باللىرىغا ھالقا
سېلىپ بەلگە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى، جىنسىي
بەزلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرىگە
دائىر ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى
قوللىنىشتا، يېتەرلىك ئادەم كۈچى تەشكىللەش، خەلق ئام-
مىسىغا بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىش، ھال-
قا سېلىنغان قۇشلارنى ئۇچراتقان چاغدا تەتقىقات ئورۇنلى-
رىغا ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش لازىم.

قۇشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن
ھەر خىل تۈردىكى قۇشلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى يەرلىك
قۇشمۇ ياكى پەسىللىك قۇشمۇ ياكى بولمىسا، سەييارە قۇش-
مۇ، ئەگەر پەسىللىك قۇش بولسا، يەنە ئۇنىڭ ياز پەسىللىك
ياكى قىش پەسىللىك قۇش ئىكەنلىكىگە قاتارلىقلارنى ئېنىق
ئايرىپ چىقىش لازىم. ئۇلارنىڭ قانداق يەرلەردە، قانداق
مۇھىتتا ياشاشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى، چاتقاللىق، قومۇشلۇق،
سازلىق، ئوتلاق، باغ - ئورمان، ئېتىز - ئېدىرلار، ئېگىز
تاغ، جىلغا، تۈزلەڭلىك ياكى دېڭىز، دەريا، كۆل قاتارلىق
مۇھىتلاردا ياشايدىغانلىقىنى، يەككە ياكى توپ بولۇپ ياشاي-
دىغانلىقىنى، چوڭ توپ ياكى كىچىك توپ بولۇپ ياشايدى-
غانلىقىنى، پائالىيەت دائىرىسى، ئۇچۇش شەكلى ۋە سايراش

ئاۋازى قاتارلىقلارنى ئېنىق بىلىش لازىم. شۇنىڭدەك، ئۇ-
لارنىڭ ئۇۋا ياساش مەزگىلى، ئۇۋىلىرىنىڭ شەكلى، ئۇۋا
ياسايدىغان ئورۇنلىرى، قايسى ۋاقىتتا تۇخۇم تۇغىدىغانلىقى،
تۇخۇملىرىنىڭ رەڭگى، شەكلى، ھەر بىر ئۇۋىدا قانچىدىن
تۇخۇم تۇغىدىغانلىقى، تۇخۇمدىن بالا چىقىرىش نىسبىتى،
ئاتا - ئانا قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى قانداق ئوزۇقلاندۇرۇپ
باقىدىغانلىقى، قۇش بالىلىرىنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن
ئۇچۇرما بولىدىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەي بولۇپ قاتارغا
قوشۇلۇش نىسبىتى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە يوشۇرۇن ھالدا
سېستىمىلىق كۆزىتىش لازىم. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كىيىم - كې-
چەكلىرىنىڭ رەڭگى قۇشلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا ماس كې-
لىشى لازىم. بولمىسا، قۇشلارنى ئۈركىتىپ قاچۇرۇۋېتىش بى-
لەن كۆزىتىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

قۇشلارنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تەتقىق
قىلىشتا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.
بۇنىڭدا بىر قانچە خىل ئەھۋاللار بويىچە كۆزىتىش لازىم.

دالىدا قۇشلارنىڭ ئوزۇق ئىزلەۋاتقانلىقىنى كورگەندە،
ئۇلارنىڭ نىمىنى يەيدىغانلىقىغا، ھاۋادىن نىمىنى تۇتىدىغانلى-
قىغا ياكى يەردىن نىملەرنى ئىزلەيدىغانلىقىغا، دەرەخلەر-
دىن نىملەرنى تۇتىدىغانلىقى ياكى ئوت - چۆپلەر ئارىسى-
دىن نىملەرنى ئىزلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ كۆزىتىش
لازىم. دالا ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئادەم كوزىنىڭ كورۇش
قۇۋۋىتى چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، دۇربۇندىن پايدىلىنىپ
كۆزەتكەندە ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

قۇشلارنى تۇتۇپ پوكىنىنى يېرىپ ئوزۇقلۇق تۈرلىرىنى

تەكشۈرۈش. قۇشلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، يېمەكلىك قۇشنىڭ ئاشقازىنىدا ئاسانلا ھەزىم قىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئوزۇقلىنىۋاتقان قۇشلاردىن بىرەرسىنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ پوكىنىنى يېرىپ، ئوزۇقلۇق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم. ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە، قۇشلارنىڭ يېمەكلىكىنىڭ تۈرلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا قۇشلارنىڭ پوكىنىنى ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە يېرىپ تەكشۈرۈش لازىم. قۇشلارنىڭ ئوزۇقلۇغى تەركىۋىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغانلىغى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل بىر يىل ئىچىدە قۇشنىڭ ئومۇمى ئوزۇقلۇغى تەركىۋىدە ئىگەللەيدىغان نىسبىتىنى ئېنىقلاش لازىم ھەمدە شۇ رايوندىكى دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش، ئۆسۈش، پىشىپ يىغىۋېلىنىش مەزگىلىدە ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىغا قاراپ، ئەڭ ئاخىرىدا پايدىلىق ياكى زىيانلىق قۇش ئىكەنلىگى توغرىسىدا خۇلاسە چىقارسا بولىدۇ.

ئويدە بېقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇشلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا بېقىلىۋاتقان قۇشنىڭ ئالدىغا شۇ قۇش ئامراق بولغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر قويۇپ قويۇلىدۇ. ھەر بىر بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە قۇشنىڭ يېگەن يېمەكلىگى قۇستۇرۇۋېلىنىپ ئۆلچىنىدۇ ۋە ئېشىپ قالغان يېمەكلىكمۇ ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ قۇشنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە يېگەن ئوزۇقلۇغىنىڭ مىقدارىنى ۋە ئامراق بولغان يېمەكلىگىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

سۈنئىي ياساپ ئېسىپ قويۇلغان ئۇۋا ساندۇقلىرىدىن پاي

دىلىنىپ قۇش بالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇغىنى تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇۋا ساندۇغىنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىغا چوڭ - كىچىكلىگى ئوخشاش توشۇك ئېچىپ، ئىككى توشۇكنى ئۆدۈل قىلىپ، ئېچىپ - يېپىلىدىغان ئەينەك ئىشىك بېكىتىپ قويۇش لازىم. ئاتا - ئانا قۇشلار بالىلىرىغا يەم يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ساندۇقتىكى قۇش بالىسىنى چىقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ پوكىنىدىكى ئوزۇقلۇقنى قوستۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شۇ خىل قۇشنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق تۈرلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا بولىدۇ.

يىرتقۇچ قۇشلار دائىم پوكىنىدىن ئاسان ھەزىم بولمايدىغان پەي، سۆڭەكلەرنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق قالدۇقلارنى يىغىۋېلىپ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ قايسى خىلدىكى ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىغىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، يىرتقۇچ قۇشلار بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدە، ئاتا - ئانا قۇشلار ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم يەمەكلىكلەر دائىم ئۇۋىسىدا ئېشىپ قالىدۇ. بۇ ئېشىپ قالغان ئوزۇقلۇق قالدۇقلىرىنى يىغىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ يەمەكلىك تۈرلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن.